# 2 ـ نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستان
# (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى

« شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى » نەشر قىلدى
2000 ـ يىلى 4 ـ ئاي
گېرمانىيە ـ ميۇنخېن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 2 ـ نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى

« شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى » نەشر قىلدى

2000 ـ يىلى 4 ـ ئاي

گېرمانىيە ـ ميۇنخېن

بۇ كىتاپنى « شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان)
مىللىي قۇرۇلتىيى » نەشر قىلدى
مەسئۇل مۇھەررىر:
پەرھات مۇھەممىدى
تەھرىر: تۇرغۇنجان ئالاۋۇدۇن
كومپيۇتېردا ئالغۇچى نورۇن:
« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى »
مونتاژ: ئۆمەرجان شاھيارى

ئادرىس : « شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان)
مىللىي قۇرۇلتىيى »

**Ostturkistanischer (Uigurischer) National Kongress**

**Landwehrstr. 17**
**80336 Munchen**
**Germany**

**Tel:0049 89 55 86 99 86**
**Fax: 0049 89 55 86 99 87**

كىتاب نەشر نومۇرى: 0001

www.uyghurkitap.com



# كىرىشسۆز

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم قەدىرلىك ۋەتەنداشلار، ئالدى بىلەن قۇرۇلتىيىمىز نامىدىن ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىزنى يۈرەكتىن سالاملايمىز ۋە ئۇلارغا ئالىي ئېھتىرام بىلدۈرىمىز!

سىزلەرگە مەلۇم بولغىنىدەك، ئۆتكەن يىلى ئۆكتەبىردە گېرمانىيەنىڭ ميونخېن شەھىرىدە چاقىرىلغان « 2 ـ نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » ـ تاشقى دۇنيادا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مىللىي مۇجادىلە تارىخىمىزدىكى ئىنتايىن ئەھمىيەتلىك زور ۋەقەلەرنىڭ بىرى ھېساپلىناتتى، بولۇپمۇ بۇقېتىمقى قۇرۇلتايدا قۇرۇلتاي مەركىزىنىڭ گېرمانىيەنىڭ ميونخېن شەھرى قىلىپ قارارلاشتۇرۇلغانلىقى ۋە قۇرۇلتاي رەھبەرلىك يادروسىدىكىلەرنىڭ ئاساسەن ئىقتىدارلىق ياشلاردىن تەركىپ تاپقانلىقى، مىللىي داۋايىمىزنى خەلقئارالاشتۇرۇش جەھەتتە تاشلىغان ئىنتايىن موھىم قەدەملىرىمىزنىڭ بىرىدىن ئىبارەت. كىشىنى تېخىمۇ سۆيۈندۈرىدىغىنى شۇكى، قۇرۇلتاي چاقىرىلىپ تېخى بىرقانچە ئاي ئۆتمەيلا قۇرۇلتاي نىزامنامىسىنىڭ گېرمانىيە ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن رەسمىي تەستىقلانغانلىقى، مىللىي قۇرۇلتىيىمىزنى خەلقئارالىق سياسى سەھنىلەردە قانۇنىي سالاھىيەتكە ئىگە قىلىپلا قالماستىن، بەلكى مىللىي مۇجادىلىمىزنىڭ سياسىي تەسىرىنىمۇ ئىلگىرىكىگە قارىغاندا بىرقانچە ھەسسە ئاشۇرغۇسى! بولۇپمۇ قۇرۇلتاي چاقىرىلغاندىن بۇيانقى قىسقىغىنە مەزگىل ئىچىدە قۇرۇلتاي مەركىزى ئورگىنىنىڭ قولغا كەلتۈرگەن بىرقاتار مۇۋاپىقىيەتلىرى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى خەلقىمىزنىڭ مىللىي داۋايىمىزنىڭ كېلەچىكىگە بولغان ئىشەنچىسىنى ۋە ئۈمىدىنى تېخىمۇ ئاشۇرماقتا!

سىزلەرگە مەلۇم بولغىنىدەك، « 2 ـ نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ خاتىرىسى سۈپىتىدە قولىڭىزلاردىكى ئۇشبۇ كىتابچىنى نەشىر قىلىپ تارقاتتۇق، مەزكۇر كىتابچىدا پەقەتلا قۇرۇلتاي تەييارلىق كومىتېتىنىڭ قۇرۇلتاي ھارپىسىدىكى تەييارلىق پائالىيەتلىرى، 2 ـ نۆۋەتلىك مىللىي قۇرۇلتاينىڭ چاقىرىلىش جەريانى، قۇرۇلتاينىڭ نىزامنامىسى، قارار ۋە بايانات ـ خىتابنامىلىرى، قۇرۇلتايغا ئاتاپ يېزىلغان بەزى تەبرىك خەتلىرى، قۇرۇلتاي مەسئۇللىرىنىڭ بىرقىسىم مەكتۇپلىرى .... قاتارلىقلار مۇۋاپىق تۈردە يەر ئالغان بولۇپ، قۇرۇلتايدىن كېيىن ئېلىپ بېرىلغان پائالىيەتلەر بۇ كىتابچىغا تولۇق كىرگۈزۈلمىدى.

ۋاقتىمىزنىڭ قىسقا ۋە سەۋىيىمىزنىڭ چەكلىك بولۇشى تۈپەيلىدىن كىتابچىدا قىسمەن خاتالىق ۋە يېتىشسىزلىكلەرنىڭ بولۇشى تەبىئى، شۇڭا سىزلەرنىڭ تۈزىتىپ ئوقۇشۇڭىزلارنى ۋە تەنقىدى ـ پىكىر بېرىشىڭىزلارنى سەمىمىي ھالدا ئۈمىت قىلىمىز.

سىزلەرگە چەكسىز ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام بىلدۈرۈپ:

« شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى »
مەركىزى ئورگىنى

2000 ـ يىلى 4 ـ ئاي
گېرمانىيە ـــ مىيۇنخېن

# مۇندەرىجە

« شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى تەييارلىق كومىتېتى » نىڭ رەھبەرلىك ھەيئىتى سايلاپ چىقىلدى .................. 1

ۋەتەنداشلارغا مۇراجىئەت .................................. 3

گېرمانىيەدە چاقىرىلىدىغان « شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى » غا 10 دىن ئارتۇق دۆلەتتىن 200 دىن ئارتۇق ۋەكىلگە رەسمى تەكلىپنامە ئەۋەتىلدى ....................... 6

ئەنۋەرجاننىڭ مىللى قۇرۇلتاي ھارپىسىدا مىللىي زاتلىرىمىزغا يوللىغان مۇراجىئەتى ..................................... 7

گېرمانىيەدە چاقىرىلىدىغان « شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى ................................................. 10

ئەسقەرجان ، مىللىي ئۇستازلىرىمىزدىن زىيا سەمەدى ۋە ئابدۇروپ مەخسۇملاردىن ھال سورىدى .................. 12

ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار گېرمانىيەدە چاقىرىلىدىغان مىللىي قۇرۇلتاينى قوللايدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى ....... 16

كوممۇنىست خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغانلىقىنىڭ 50 ـ يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن گېرمانىيەدە خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى چاقىرىلدى .......... 20

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com




شەرقىي تۈركىستاندا ئىنسان ھەقلىرى ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندە قىلىنماقتا .......... 26

ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقان بىرقىسىم ئاساسلىق شەرقىي تۈركىستانلىق ۋەكىللەرنىڭ تىزىملىكى .......... 44

مۇھاكىمە يىغىنىدىكى بەس ـ مۇنازىرىلەر .......... 46

تاشقى دۇنيادا مۇجادىلە تارىخىمىزدىكى تۇنجى يېڭىلىق .. 52

دېموكراتىك خىتاي ۋەكىللىرىنىڭ بۇ قېتىمقى يىغىنغا بولغانقىزىقىشى .......... 53

ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا رەسىم كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلدى.. 54

« 2 ـ نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى » گېرمانىيىدە غەلىبىلىك ئۆتكۈزۈلدى .......... 55

گېنېرال مەھمەت رىزا بەكىننىڭ، « 2 ـ نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى » دا قىلغان ئېچىلىش نۇتقىنىڭ تولۇق تېكىستى .......... 65

« شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ باش كاتىبى ئەسقەرجاننىڭ مىللىي قۇرۇلتايدا قىلغان ئېچىلىش نۇتقىنىڭ تولۇق تېكىستى .......... 75

گېرمانىيىنىڭ مىيۇنخېن شەھرىدە خىتايغا قارشى داغدۇغۇلۇق نامايىش ئۆتكۈزۈلدى .......... 82

ئاكام ئۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ شېھىت روھى سىلەرگە مەدەت بولسۇن! .......... 86

تەبرىك ۋە مەكتۇپلار .......... 88

« شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ رەسمىي ۋەكىللىرىنىڭ تىزىملىكى .......... 106

قۇرۇلتاينىڭ نىزامنامە لايىھەسى قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاند. 111

« شەرقىي تۈركستان (ئۇيغۇرستان) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىزامنامىسى ........................................ 116

« 2 ـ نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركستان ( ئۇيغۇرستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » دا ئورگانلارغا سايلاپ چىقىلغانلارنىڭ ئىسملىكى ........................................ 138

قۇرۇلتاينىڭ بىرقىسىم رەھبەرلىرىنىڭ قىسقىچە تەرجىمەھالى ........................................ 142

« 2 ـ نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركستان ( ئۇيغۇرستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ قارارى ........................ 151

مىللىي قۇرۇلتاي خىتاپنامىسى ............................ 155

باش ماقالە: « 2 ـ نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركستان ( ئۇيغۇرستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ جەڭگىۋار روھىنى تولۇق ئەمەللەشتۈرۈپ، ۋەتەن داۋاسىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرەيلى ! ........ ........................ 159

« شەرقىي تۈركستان ( ئۇيغۇرستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ رەئىسى ئەنۋەرجاننىڭ « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » غا يازغان تەكلىۋى ........................................ 168

« شەرقىي تۈركستان ( ئۇيغۇرستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » ۋە « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » نىڭ ۋەكىللىرى فىرانسىيەدە جاڭزېمىنغا قارشى ئۆتكۈزۈلگەن بىرلەشمە نامايىشقا قاتناشتى ........................................ 171

« شەرقىي تۈركستان ( ئۇيغۇرستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ رەئىسى ئەنۋەرجاننىڭ بارلىق شەرقىي تۈركستان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىرىگە يوللىغان مۇراجەتنامىسى ... ................................ 176

« شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ رەئىسى ئەنۋەرجاننىڭ ئامېرىكىغا يوللىغان مەكتۇبى ................................ 178

« شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ رەئىسى ئەنۋەرجاننىڭ قازاقىستانغا يوللىغان مەكتۇبى ................................ 181

« دۇنيا خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتى » نىڭ مەسئۇلى « « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ مەركىزى ئورگىنىغا مەكتۇپ يوللاپ، ئۆزئارا ھەمكارلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى ................................ 183

# « شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى تەييارلىق كومىتېتى » نىڭ رەھبەرلىك ھەيئىتى سايلاپ چىقىلدى

1999 ـ يىلى 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى گېرمانىيىنىڭ ميونخېن شەھرىدىكى « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ يىغىن زالىدا ئۆتكۈزۈلگەن « شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى تەييارلىق كومىتېتى » نىڭ 1 ـ قېتىملىق يىغىنىدا، بۈيىل ئۆكتەبىردە گېرمانىيىدە چاقىرىلىدىغان « خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ تەييارلىق كومىتېتىنىڭ رەھبەرلىك ھەيئىتى سايلاپ چىقىلدى. تەييارلىق كومىتېتىنىڭ كۆپ سانلىق ئەزالىرىنىڭ ئىشتىراك قىلىشى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن بۇقېتىمقى يىغىندا دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق، « شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى » نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ رەئىسى ئەسقەرجان قۇرۇلتاي تەييارلىق كومىتېتىنىڭ رەئىسلىكىگە، « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ رەئىسى ۋە « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇجېلىل قاراقاش بىلەن « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسالار مۇئاۋىن رەئىسلىككە، « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ باياناتچىسى ۋە « بىرلىك » ژورنىلىنىڭ مەسئۇلى ئەنىۋەرجان تەييارلىق كومىتېتىنىڭ باياناتچىلىقىغا ۋە قوشۇمچە ئىقتىسادىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



باشقارمىسىنىڭ مەسئۇللىقىغا، « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ باش كاتىۋى ۋە « ئۇچقۇن » گېزىتى بىلەن « بىرلىك » ژورنىلىنىڭ باش تەھرىرى پەرھات مۇھەممىدى كاتىۋات باشقارمىسىنىڭ مەسئۇللىقىغا، « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ئەنىۋەر نورۇز تەييارلىق كومىتېتى كۆتىۋىلىش باشقارمىسىنىڭ مەسئۇللىقىغا سايلاپ چىقىلدى. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بۇقېتىمقى يىغىندا مىللىي قۇرۇلتاي تەييارلىق كومىتېتى قارمىقىدىكى ھەرقايسى باشقارمىلارنىڭ ۋەزىپىسى ۋە خىزمەت دائىرىسى بېكىتىلىپ، دەسلەپكى قەدەمدە ئىش تەقسىماتى ئېلىپ بېرىلدى.

« شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى تەييارلىق كومىتېتى » نىڭ رەھبەرلىك ھەيئىتى، بۇيىل ئۆكتەبىردە گېرمانىيىدە چاقىرىلىدىغان « خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ بارلىق ئىچكى ـ تاشقى تەييارلىق خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولۇپ، قۇرۇلتاينى تەشكىللەش ئىشلىرىنى ئېلىپ بارىدۇ ھەمدە قۇرۇلتاينىڭ مۇۋاپىقىيەتلىك چاقىرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. تەييالىق كومىتېتىنىڭ ۋەزىپىسى تاكى مىللىي قۇرۇلتاي يېپىلغانغا قەدەرئىزچىل داۋام قىلىدۇ.

« مىللىي قۇرۇلتاي تەييارلىق كومىتېتى »، بۇيىل ئۆكتەبىردە گېرمانىيىدە چاقىرىلىدىغان خەلقئارا مىللىي قۇرۇلتاينىڭ مۇۋاپىقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلىشى ئۈچۈن ھازىردىن باشلاپ گېرمانىيىدە ياشاۋاتقان بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىقلارنى سەپەرۋەرلىككە كەلتۈردى.

# ۋەتەنداشلارغا مۇراجىئەت

سىزلەرگە مەلۇمكى، شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى، « خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى » نى بۇيىل ئۆكتەبىردە گېرمانىيەدە ئېچىشنى قارار قىلدى، مىللىي قۇرۇلتاينىڭ دۇنيانىڭ ئىقتىسادى ۋە سىياسىتىگە بىۋاستە تەسىر كۆرسىتىۋاتقان گېرمانىيەدەك كۈچلۈك بىر غەربىي دۆلەتتە چاقىرىلىشى، مۇقەددەس مىللىي داۋايىمىزنى خەلقئارالاشتۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن تاشلانغان موھىم قەدەمدىن ئىبارەت. بۇقېتىمقى مىللىي قۇرۇلتاينى چاقىرىشتىكى ئاساسىي مەقسەت، دۇنياغا يۈزلەنگەن كۈچلۈك كادرولاردىن تەركىپ تاپقان، ۋەتەن سىرتىدىكى بارلىق شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنى ۋە مىللىي داۋايىمىز بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان شەخسلىرىمىزنى تولۇق ئۆزئىچىگە ئالغان، ۋەتەن سىرتىدىكى بارلىق خەلقىمىزگە تولۇق ۋەكىللىك قىلالايدىغان نوپۇزلۇق، قۇدرەتلىك بىرخەلقئارالىق ئورگىنىمىزنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشتىن ئىبارەت. بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن تەييارلىق كومىتېتىمىز ۋەتەن سىرتىدىكى بارلىق تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ قۇرۇلتايغا تولۇق قاتنىششىغا، مىللىي داۋايىمىزغا جىددى كېرەكلىك بولغان يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىپ چىقىپ ئۇلاردىن ئۈنۈملۈك ھالدا پايدىلىنىشقا ۋە قۇرۇلتاينىڭ بىرلىك، باراۋەرلىك ۋە قېرىنداشلىق كەيپىياتى ئىچىدە مۇۋاپىقىيەتلىك چاقىرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىشقا تىرىشىدۇ. بىز شۇنىڭغا تولۇق ئىشىنىمىزكى، بۇقېتىمقى قۇرۇلتاي 50 يىلدىن بۇيان ۋەتەن سىرتىدا ئېلىپ

بىرلىشۋاتقان مىللىي مۇجادىلىمىز ئۈچۈن زور بىر بۇرۇلۇش نۇقتىسى بولىدۇ . شۇنىڭ ئۈچۈن، بۇقېتىمقى مىللىي قۇرۇلتاينى مۇۋاپىقىيەتلىك ئۆتكۈزۈش، ۋەتەن سىرتىدا ياشاۋاتقان بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ مۇقەددەس بۇرچى ۋە باش تارتىپ بولمايدىغان تارىخى ۋەزىپىسى. بىز شۇنداق دەپ ھساپلايمىزكى، بۇقېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ مۇۋاپىقىيەتلىك ھالدا ئۆتكۈزۈلىشىگە ۋە بۇ ئارقىلىق نوپۇزلۇق بىر خەلقئارالىق ئورگىنىمىزنى ۋۇجۇتقا چىقىرىشقا ھەسسە قوشۇش، ۋەتەن سىرتىدىكى بارلىق شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىزغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا ۋەتەن ـ مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىشنىڭ ھەمدە ۋەتەن ئىچىدە مىللىتى ئۈچۈن قان كېچىپ كۆرەش قىلىۋاتقان خەلقىمىزنىڭ بىزدىن كۈتكەن ئۈمىدىگە جاۋاپ قايتۇرۇشىنىڭ ئەڭ ياخشى پۇرسىتى. سىزنىڭ مىللىي قۇرۇلتاينىڭ مۇۋاپىقىيەتلىك چاقىرىلىشى ئۈچۈن ئىئانە قىلغان ھەربىر سىنتىڭىز ۋە ھەربىر تىيىنىڭىز، ۋەتەن ئىچىدە جان تالىشىۋاتقان خەلقىمىزنىڭ تومۇرىغا ئاققان بىرتامچە قان ۋە دۈشمىنىمىزنىڭ يۈرىكىگە ئېتىلغان بىرپاي ئوقتىن ئىبارەتتۇر. شۇڭا بىز دۇنيانىڭ ھەرقايسى ئەللىرىدە ياشاۋاتقان قېرىنداشلىرىمىزدىن ئۆزلىرىنىڭ بۇ تارىخى مەسئۇلىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ يېتىپ، قۇرۇلتاي تەييارلىق كومىتېتىنىڭ ئىئانە توپلاش كامپانىيەسىگە ئاكتىپلىق بىلەن قاتنىشىشىنى ۋە ئاز ـ كۆپ دىمەي شەرت ـ شارائىتى ياربەرگەن ئاساستا تەييارلىق كومىتېتىمىزغا ئىقتىسادى جەھەتتىن ياردەم بېرىشىنى ئارزۇ ۋە ئۈمىت قىلىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىز ۋەتەن سىرتىدىكى بارلىق تەشكىلاتلىرىمىزدىن ۋە مىللىي داۋايىمىزغا يېقىندىن

كۆڭۈل بۆلۈۋاتقان شەخسلىرىمىزدىن تەييارلىق كومىتېتىمىزنى مىللىي قۇرۇلتايغا ۋە مىللىي داۋايىمىزنىڭ كېلەچىكىگە مۇناسىۋەتلىك قىممەتلىك تەكلىپ ـ پىكىرلەر بىلەن تەمىنلىشىنى ۋە بۇ ئارقىلىق ئۇخسانلاردىن خالىي بىر مىللىي ئورگاننىڭ قۇرۇلۇشى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشلىرىنى ئۈمىت قىلىمىز.

هۆرمەت بىلەن:

« شەرقىي تۈركىستان خەلقئارا مىللى قۇرۇلتىيى تەييارلىق كومىتېتى » نىڭ رەئىس:

ئەسقەرجان

(«ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ رەئىسى )

مۇئاۋىن رەئىسلەر:

ئابدۇجېلىل قاراقاش

( « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ رەئىسى )

دولقۇن ئەيسا

(« دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى )

www.uyghurkitap.com



# گىرمانىيەدە چاقىرىلىدىغان شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيىغا 10 دىن ئارتۇق دۆلەتتىن 200 دىن ئارتۇق ۋەكىلگە رەسمىي تەكلىپنامە ئىۋەتىلدى

1999 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن 14 ـ كۈنىگىچە گىرمانىيەنىڭ مىيونخىن شەھرىدە چاقىرىلىدىغان شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيىغا، دۇنيادىكى 10 دىن ئارتۇق دۆلەتتە پائالىيەت قىلىۋاتقان 30 غا يىقىن شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىدىن جەمئىي 205 نەپەر ۋەكىلگە ۋە بىر قىسىم مىللىي ئەرباپلىرىمىزغا قۇرۇلتاي تەييارلىق كومۇتىتى نامىدىن رەسمىي تەكلىپنامە ( ۋىزا ) ئىۋەتىلدى. ئۆزلىرى تۇرۇشلۇق دۆلەتلەردە ۋىزا ئىشلىرىنى تاماملاپ بولغان بەزى ۋەكىللىرىمىز گىرمانىيەگە قاراپ يولغا چىقىشقا باشلىدى. بۇقىتىمقى مىللىي قۇرۇلتايغا شەرقىي تۈركىستان ۋەكىللىرىدىن سىرت يەنە، « خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى »، « دۇنيا خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتى » ... قاتارلىق بىرقىسىم خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭ رەھبەرلىرى، تىبەت تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرى، دىموكراتىك خىتاي ۋەكىللىرى، گىرمانىيەدىكى ھەرقايسى تۈرك تەشكىلاتلىرىنىڭ مەسئۇللىرىمۇ قاتنىشىدۇ.

# ئەنۋەرجاننىڭ مىللىي قۇرۇلتاي هارپىسىدا مىللىي زاتلىرىمىزغا يوللىغان مۇراجىئەتى

( بۇ مۇراجىئەت زىيا سەمەدى، ئابدىرەئۇپ مەخسۇم، هۈسەيىن قارى ئىسلامى، غۇلامىدىن ئەخمەت پاختا، ئەخمەت ئىگەمبەردى، ئابدۇۋەلى جان، ئەركىن ئالىپ تېكىن ۋە رەهمەتۇللاه تۈركىستانى قاتارلىق مىللىي زاتلىرىمىزغا ئەۋەتىلدى)

هۆرمەتلىك:

جاناپلىرىغا مەلۇم بولغىنىدەك، مۇهاجىرەتتە ئۇزۇن يىللاردىن بېرى خەلقىمىزنى يېتەكلەپ مىللىي مۇجادىلە قىلىپ كەلگەن پېشقەدەم رەهبەرلىرىمىزنىڭ كۆپى بەختكە قارشى ئالەمدىن ئۆتتى ۋە جاناپلىرىغا ئوخشاش بىرقانچىلا مىللىي ئۇستازلىرىمىز هاياتتا قالدى. شۇڭا جاناپلىرىدەك پېشقەدەملىرىمىزنىڭ پىكىر - مەسلىهەتى، يېتەكچىلىكى ۋە هىمايىسى ئاستىدا، خەلقىمىزنىڭ ساداسىنى ئەركىن دۇنياغا ئۇيغۇزىدىغان كۈچلۈك، ئۈنۈملۈك، پائالىيەتچان ۋە نوپۇزلۇق بىر مىللىي قۇرۇلتاي ئورگىنىنى بارلىققا كەلتۈرۈش - ئەلۋەتتىكى جاناپلىرىنىڭ هازىرغىچە ئېلىپ بارغان مىللىي خىزمەتلىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يەكۈنلەيدىغان، شېھىتلىرىمىزنىڭ روھىنى خوش قىلىدىغان، خەلقىمىزگە زور ئۈمىت بېرىدىغان ۋە بۇنىڭدىن كېيىن پىشقەدەملىرىمىزگە ۋارىسلىق قىلىدىغان ياشلىرىمىزغا غەيرەت بېرىدىغان تارىخىي بىر يېڭىلىق بولغۇسى!

ئۆزەم ئۆمرۈمنىڭ كۆپ قىسمىنى مۇھاجىرەتتە ئۆتكۈزگەن بىر ئۇيغۇر ئەۋلادىمەن، ئەلۋەتتىكى مەن ھېس قىلالمىغان كۆپ نەرسىلەر بار، مىللىي داۋا ھەققىدە جاناپلىرى بىلگەن ھەر نەرسىنى مېنىڭ بىلىشىم ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، ئەمما مېنىڭ ھېس قىلغىنىم، خەلقىمىزنىڭ قېنىنىڭ ھەقسىز ھالدا ئېقىۋاتقانلىقى، بۇ ھەقسىزلىقلارنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە دەل ۋاقتىدا ئاڭلىتىشنىڭ تولىمۇ زۆرۈر ۋە جىددىيلىكى، بۇلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئومۇمىي بىر تەشكىلاتقا قەتئى مۇھتاج ئىكەنلىكىمىز ۋە جاناپلىرىنىڭ قوللىشى ۋە يار ـ يۆلىكى ئاستىدا بۇ ئىشلارنى ۋۇجۇتقا چىقىرالايدىغانلىقىمىزدىن ئىبارەتتۇر. ئەلۋەتتىكى مەن بايان قىلىپ ئۆتكەن بۇ خۇسۇسلار ھەققىدە قايغۇرۇۋاتقانلىقلىرى، چارە ـ تەدبىرلەرنى ئىزدەپ كېلىۋاتقانلىقلىرى ۋە ئۆز ئىمكانلىرى دائىرىسى ئىچىدە تىرىشىپ خىزمەت قىلىپ كەلگەنلىكلىرى بىزلەرگە مەلۇم. مېنىڭ جاناپلىرىغا يۇقارقىلارنى بايان قىلىشىمدىكى تۈپ مەقسەت، ھەر بىرلىرىدەك پىشقەدەملىرىمىزگە بىزگە ئوخشىغان كېيىنكى ئۇيغۇر ئەۋلاتلىرىنىڭمۇ ۋەتەن ـ مىللەتنىڭ ئىستىقبالىدىن قايغۇرۇۋاتقانلىقىنى ئىزاھلاپ ئۆتۈشتىن ئىبارەت، خالاس!

جاناپلىرىدىن ئىستىگىم شۇكى، ئۆزلىرىنىڭ « شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى » تەييارلىق كومىتېتىغا يېتەكچىلىك قىلىشلىرىنى، يوليورۇق كۆرسىتىشلىرىنى، تەكلىپ ـ

پىكىر ۋە مەسلىھەت بىرىشلىرىنى، كەمچىلىكلەرنى تولۇقلاشقا يـار ـ يۆلەكتە بولۇشلىرىنى، بولۇپمۇ جانـاپلىرىنىڭ قۇرۇلتايغـا شەخسەن قاتنىشىپ بىرىشلىرىنى ۋە بىزنىڭ پىشقەدەم ئۇستازىمىز بولۇش سـۈپەتلىرى بىلـەن مۇناسـۋەتلىك تەشـكىلاتلىرىمىزنىڭ مەسئۇللىرى ۋە جامائـەت ئـەرباپلىرىمىز بىلـــەن ئالاقىلىشـــىپ، ئۇلارنىمۇ بـۇ قېتىمقـى قۇرۇلتايغـا تـولۇق قاتنىششـقا دالالـەت قىلىشلىرىنى ئۈمىت قىلىمەن.

شـۇنىڭغا ئىشـەنچىم كـامىلكى، جانـاپلىرىنىڭ قوللىشـــى ۋە يېتـەكچىلىك قىلىشـلىرى ئاسـتىدا، ۋەتـەن سـىرتىدىكى بـــارلىق تەشـكىلاتلىرىمىزنى ۋە مىللىـي رەھبـــەرلىرىمىزنى تـــولۇق ئـــۆز ئىچىگە ئالغان، خەلقئارادا ئېتىــراپ قىلىنغـان پائالىيـەتچان بىـر مىللىي ئورگىنىمىز جەزمەن ۋۇجۇتقا چىققۇسى.

هۆرمەت ۋە ئېھتىرام بىلەن:

ئەنۋەرجان

1999 ـ يىلى 8 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى ( گېرمانىيە ـ ميونخىن )

www.uyghurkitap.com



# گېرمانىيەدە چاقىرىلىدىغان « شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملاندى

تۈركىيەدىكى « خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى » نىڭ قارارىغا ئاساسەن بۇيىل 10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن 15 ـ كۈنىگىچە گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېن شەھىرىدە چاقىرىلىدىغان « شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى » ۋە كوممۇنىست خىتايىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغانلىقىنىڭ 50 ـ يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلىدىغان خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى ئاساسىي جەھەتتىن تاماملىنىپ بولدى. بۇقېتىمقى يىغىنىنىڭ ساھىپخانلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى »، « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » ۋە « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » قاتارلىق تەشكىلاتلارنىڭ مەسئۇللىرى ئورتاق غايە ئۈچۈن ئۆزئارا زىچ ئىتتىپاقلىشىپ، بىر ـ بىرىنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەپ، گېرمانىيەدىكى شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىزنى تولۇق سەپەرۋەر قىلىپ، يىغىنىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى ئەستايىدىل ھالدا ئېلىپ باردى. ھازىرغا قەدەر يىغىن ئۈچۈن ئىئانە توپلاش، يىغىن زالى ۋە مېھمانخانا كىرالاش، تەكلىپنامە ھازىرلاش، يىغىنغا تەكلىپ

قىلىنىدىغان خەلقئارالىق تەشكىلات ۋە جەمىيەتلەر بىلەن دىيالوگ قۇرۇش ئىشلىرى ئاساسى جەھەتتىن تامامالاندى. يىقىندا يەنە يۇقارقى 3 تەشكىلاتنىڭ مەسئۇلى ۋەتەن سىرتىدىكى بارلىق تەشكىلات ۋە جامائەت ئەرباپلىرىمىزغا مەكتۇپ يوللاپ، ئۇلارغا گىرمانىيەدە چاقىرىلىدىغان يىغىن ھەققىدە تەپسىلى مەلۇمات بەردى. ئۇندىن باشقا يەنە قۇرۇلتاي تەييارلىق كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئەسقەرجان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تەشكىلات ۋە شەخسلىرىمىزگە مىللى قۇرۇلتاي ھەققدە تەپسىلى مەلۇمات بېرىش ۋە ئۇلار بىلەن ئەتراپلىق ھالدا كېڭىشىش ھەم پىكىرلىشىش مەقسىدىدە يېقىندا مىللى قۇرۇلتاي تەييارلىق كومىتېتىغا ۋاكالىتەن ئوتتۇرا ئاسىياغا سەپەر قىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# ئەسقەرجان، مىللىي ئۇستازلىرىمىزدىن زىيا سەمەدى ۋە ئابدۇرۇپ مەخسۇملاردىن ھال سورىدى

«ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى» نىڭ رەئىسى، «خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى» نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە «شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى تەييارلىق كومىتېتى» نىڭ رەئىسى ئەسقەرجان بۇيىل 8 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى، ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھرىدە ئىستىقامەت قىلىپ تۇرىۋاتقان مەشھۇر مىللىي ئۇستازلىرىمىزدىن زىيا سەمەدى ۋە ئابدۇرۇپ مەخسۇملارنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا يوقلاپ، ئۇلاردىن ياۋروپادىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا ۋاكالىتەن سەمىمى ھال سورىدى.

ئەسقەرجان ئالدى بىلەن مىللىي ئۇستاز زىيا سەمەدى ئاكىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭغا ياۋروپادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئالى سالىمىنى ۋە ھۆرمىتىنى يەتكۈزۈش بىلەن بىرگە، بۇيىل 10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن 14 ـ كۈنىگىچە گېرمانىيەنىڭ مىيونخىن شەھرىدە چاقىرىلىدىغان شەرقىي تۈركىستان مىللى قۇرۇلتىيىنىڭ تەييارلىق ئەھۋالى ھەققىدە تەپسىلى مەلۇمات بەردى، شۇنداقلا ياۋروپادا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيانقى سىياسى پائالىيەتلىرى ۋە ئۇنىڭ خەلقئارادىكى ئۈنۈمى ھەققىدە ئەتراپلىق چۈشەنچە بەردى.

كۆرۈشۈش جەريانىدا مىللىي ئۇستازىمىز زىيا سەمەدى ئاكا ياۋروپادا پائالىيەت قىلىپ كېلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنى تۈرلۈك ۋاستىلار ئارقىلىق يېقىندىن كۆزىتىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ۋە ئ[illegible]ڭ ياۋروپادىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ سىياسى پائالىيەتلىرىدىن ناھايىتى رازى ۋە مەمنۇن بولغانلىقىنى قايتا ـ قايتا ئىزاھلاپ ئۆتكەندىن كېيىن، بۇيىل ئۆكتەبىردە گېرمانىيەدە چاقىرىلىدىغان مىللىي قۇرۇلتاي ھەققىدىكى قاراشلىرىنى تۆۋەندىكىدەك بايان قىلىپ ئۆتتى:

« قۇرۇلتاينىڭ ۋاقتى كېلىپ ئۆتۈپ كەتتى، ئەسلىدە بۇرۇنراق ئېچىلىشى كېرەك ئىدى. قۇرۇلتاينىڭ گېرمانىيەدە چاقىرىلىشى ناھايىتى خوشاللىنارلىق بىر ئىش، بۇقېتىمقى قۇرۇلتايىنى چىن كۆڭلۈمدىن قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەيمەن ۋە ئۇنىڭغا زور مۇۋاپىقىيەتلەر تىلەيمەن. مەن مۇمكىن بار بۇقېتىمقى قۇرۇلتايغا قاتنىششقا تىرىشىمەن، ئەگەر سالامەتلىكىم يار بەرمىسە، ۋەكىلىم ياكى مەكتۇپ ئارقىلىق قۇرۇلتايغا بولغان تىلەكلىرىمنى ئىزھار قىلىمەن. بۇقېتىمقى قۇرۇلتايدا ئالاھىدە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نۇختا شۇكى، قۇرۇلتايدا ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغان شەخسلەرنى ياخشى تاللىشىمىز، يامان نىيەتلىك ۋە شەخسىيەتچى ئىنسانلاردىن ھەزەرئەيلىشىمىز، مۇجادىلە سېپىمىزنى مۇستەھكەم تۇتىشىمىز لازىم. ئەڭ موھىمى، ۋەتەن ـ مىللەت ئىشىنى خالىس نىيەت بىلەن ئېلىپ بېرىشىمىز كېرەك. مۇمكىن قەدەر ياش، جاسارەتلىك ۋە ئىقتىدارلىق كىشىلەرنى تاللاپ ئىشلىتىشىمىز لازىم ».

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئەسقەرجان، زىيا سەمەدى ئاكىنىڭ پۈتۈن ئۆمرىنى ۋەتەن ـ مىللەت ئىشلىرىغا بېغىشلىغانلىقىدەك ئالىي جاناپ خىسلىتىگە يۇقۇرى باھا بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇنىڭ بەرگەن قىممەتلىك تەكلىپ ـ پىكىرل..."ىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدىغانلىقىنى ۋە بۇقېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ خەلقىمىزنىڭ كۈتكەن تەلەپلىرىگە لايىق ھالدا مۇۋاپىقىيەتلىك ئېچىلىشى ئۈچۈن پۈتۈن كۈچى بىلەن تىرىشچانلىق كۆرسىتىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

شۈكۈنى ئەسقەرجان يەنە، 1944 ـ يىلى ئىلىدە قۇرۇلغان « شەرقىي تۈركىستان جۇمھۇرىيىتى » ھۆكۈمىتىنىڭ سابىق باش كاتىۋى ۋە ئاتاغلىق مىللىي ئۇستازىمىز ئابدۇروپ مەخسۇم ئاكىنى زىيارەت قىلىپ، ئۇنىڭغىمۇ ياۋروپادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئالىي سالىمىنى يەتكۈزۈش بىلەن بىرگە، گىرمانىيەدە چاقىرىلىدىغان مىللىي قۇرۇلتاي ھەققىدە تەپسىلى مەلۇمات بەردى. ئابدۇروپ ئاكىمۇ بۇقېتىم چاقىرىلىدىغان مىللىي قۇرۇلتاينى پۈتۈن كۈچى بىلەن قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەيدىغانلىقىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، تۆۋەندىكىلەرنى بايان قىلدى:

« ئەگەر بۇقېتىمقى قۇرۇلتاي مۇۋاپىقىيەتلىك چاقىرىلسا، ئۈچاغدا بىزنىڭ كۆزىمىزمۇ ئوچۇق كەتمەيدۇ. بۇقېتىمقى قۇرۇلتايدا ئۆتكەنكى تەجرىبە ـ ساۋاقلارنى ياخشى يەكۈنلەش لازىم، خەلقئارادىكى بىزگە پايدىلىق بولغان ھەرقانداق بىر پۇرسەتنى قاچۇرۇپ قويماي ئۇنىڭدىن ياخشى پايدىلىنىشىمىز لازىم. بىرلىك، باراۋەرلىكنى قوغدىشىمىز، « مەن ـ مەن » چىلىكتىن ۋە « سەن ـ مەن » چىلىكتىن قاتتىق ساقلىنىشىمىز كېرەك. ئەگەر سالامەتلىكىم ياربەرسە، مۇمكىن بار بۇقېتىمقى قۇرۇلتايغا قاتنىششقا تىرىشىمەن، ئەگەر سالامەتلىكىم يار

بەرمىسە، ۋەكىلىم ياكى مەختۇپ ئارقىلىق قۇرۇلتايغا بولغان پىكىرلىرىمنى يەتكۈزىمەن ».

ئۇستازىمىز ئابدۇروپ مەخسۇم ئاكىمۇ ياۋروپادىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ يېقىنقى يىللاردىن بۇيان قولغا كەلتۈرگەن مۇۋاپىقىيەتلىرىدىن ناھايىتى سۆيۈنگەنلىكىنى ۋە ياۋروپادىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سىياسى پائالىيەتلىرىگە تېخىمۇ چوڭ ئۇتۇقلار تىلەيدىغانلىقىنى ئالاھىدە ئىزھار قىلدى.

كۆپچىلىككە مەلۇم بولغىنىدەك، ئەسقەرجان ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ۋە تۈركىيەدىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىغا ۋە ئۇيغۇر جامائىتىگە بۇيىل 10 ـ ئايدا گېرمانىيەدە چاقىرىلىدىغان شەرقىي تۈركىستان مىللى قۇرۇلتىيى ھەققىدە مەلۇمات بېرىش ۋە ئۇلارنىڭ بۇھەقتىكى قىممەتلىك تەكلىپ ـ پىكىرلىرىنى ئېلىش مەقسىدىدە، 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن 26 ـ كۈنىگىچە قازاقىستان، قىرغىزىستان ۋە تۈركىيەلەردە زىيارەتتە بولغان ئىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلار گېرمانىيەدە چاقىرىلىدىغان مىللىي قۇرۇلتاينى قوللايدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى

« ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ رەئىسى، « خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى » نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە « شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى تەييارلىق كومىتېتى » نىڭ رەئىسى ئەسقەرجان، بۇيىل 8 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنىدىن 8 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىگىچە قازاقىستان ۋە قىرغىزىستانلارنى زىيارەت قىلىپ، بۇ دۆلەتلەردىكى بارلىق ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى، جامائەت ئەرباپلىرى ۋە ئۇيغۇر ئاممىسىغا بۇيىل 10 ـ ئايدا گېرمانىيەدە چاقىرىلىدىغان شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيىنىڭ تەييارلىق ئەھۋالى ھەققىدە ئومومىي يۈزلۈك مەلۇمات بەردى ھەمدە ئۇلاردىن مىللىي قۇرۇلتاي ھەققىدە ئەتراپلىق پىكىر ئالدى.

ئەسقەرجان ئالدى بىلەن قازاقىستاننى زىيارەت قىلىپ، قەھرىمان غوجامبەردى رىياسەتچىلىكىدىكى « قازاقىستان جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر ئىتتىپاقى »، پەرھات ھاسانوپ رىياسەتچىلىكىدىكى « ئالمۇتا شەھەرلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى »، سابىت ئابدۇراخمان رىياسەتچىلىكىدىكى « ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى »، دىلبىرىم سامساقوۋ

رىياسەتچىلىكىدىكى « قازاقىستان نوزۇگۇم فوندى جەمىيتى »، ھۆرقىز ئەلنۇۋا رىياسەتچىلىكىدىكى « شەرىق ئاياللىرى ۋە ئېكىلوگىيە تەشكىلاتى »، دا مىرھېزباقىيېۋ رىياسەتچىلىكىدىكى « جۇمھۇرىيەتلىك قازاقىستان ئۇيغۇرلىرى مىللىي مەركىزى »، دولقۇن ياسىن رىياسەتچىلىكىدىكى « يېڭى زامان » گېزىتى تەھرىر بۆلۈمى، يولداش ئەزەمەتوۋ رىياسەتچىلىكىدىكى « يېڭى ھايات » گېزىتى تەھرىر بۆلۈمى ... قاتارلىق تەشكىلات ۋە مەتبۇئاتلارنىڭ رەھبەرلىك ھەيئىتىدىكىلەر بىلەن بىۋاستە كۆرۈشۈپ، ئۇلارغا گېرمانىيەدە چاقىرىلىدىغان شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيىنىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى ھەققىدە مەلۇمات بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇلارغا ياۋروپادا پائالىيەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەھۋالى ھەققىدە دوكلات بەردى، شۇنداقلا ئۇلاردىن گېرمانىيەدە چاقىرىلىدىغان مىللىي قۇرۇلتاي ھەققىدە كۆپلىگەن قىممەتلىك تەكلىپ ـ پىكىرلەرنى ئالدى. ئۇندىن باشقا ئەسقەرجان يەنە قازاقىستاننىڭ ئۇيغۇرلار بىرقەدەر توپلۇشۇپ ئولتۇراقلاشقان دۇرۇژبا، زېرىۋاستوك، سۇلتان قۇربان، گۆرنىگېگانت، كالىنىن، ھوججەت، جىرسىنىسكى، تۈركسىپ قاتارلىق رايونلارغا بېرىپ، بۇيەردىكى ئۇيغۇر جامائىتى ۋە بىرقىسىم ئۇيغۇر مەسجىدلىرىنىڭ ئىماملىرى، شۇنداقلا ئۇيغۇر مەكتەپلىرىنىڭ مۇدىرلىرى بىلەن كەڭ دائىرىدە ئۇچرۇشۇپ، ئۇلارغا ياۋروپادا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ سالىمىنى يەتكۈزۈش بىلەن بىرگە، سىللىي قۇرۇلتاي ۋە مىللىي داۋايىمىزنىڭ كېلىچىكى ھەققىدە سۆھبەت ئۆتكۈزدى. ئەسقەرجان يەنە قازاقىستاندىكى ياشلار ۋەكىللىرى ۋە ئۇيغۇر تىجارەتچىلەر ۋەكىللىرى بىلەنمۇ ئايرىم ـ ئايرىم كۆرۈشتى.

ئەسقەرجان قازاقىستاندىكى زىيارىتىنى ئاخىرلاشتۇرۇپ قىرغىزىستانغا ئۆتتى ۋە قىرغىزىستاندا نىغمەت ئابدۇقادىر رىياسەتچىلىكىدىكى « قىرغىزىستان جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر ئىتتىپاقى »، شەمسىدىن ئابدۇرشىت رىياسەتچىلىكىدىكى « ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى »، تۇرسۇن ئىسلام رىياسەتچىلىكىدىكى « ئىنسان ھەقلىرى ۋە دېموكراتىيە تەشكىلاتى »، ئىلدان گابباسوۋ رىياسەتچىلىكىدىكى « ئۇيغۇر ئاساسىيەسى »، نۇرمۇھەممەت كەنجى رىياسەتچىلىكىدىكى « ئوتتۇرا ئاسىيا ئۇيغۇرلىرى لاھىيە مەركىزى »، مىجىت ھوسەيىنوۋ رىياسەتچىلىكىدىكى « لوپنۇر ئاتومنى چەكلەش تەشكىلاتى »، مۇزەپپەر قۇربان رىياسەتچىلىكىدىكى « ۋىژدان ئاۋازى » گېزىتى تەھرىر بۆلۈمى، « ئابدۇل قادىربەگ رىياسەتچىلىكىدىكى « ئىتتىپاق » گېزىتى تەھرىر بۆلۈمى، ھۆرنىسا ۋە مەخپىرەت خانىملار رىياسەتچىلىكىدىكى ئۇيغۇر رادىيو ـ تېلېۋىزىيەسى ... قاتارلىق تەشكىلات ۋە مەتبۇئات ئورگانلىرىنىڭ رەھبەرلىك ھەيئەتىدىكىلەر بىلەن ۋە « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى كۆرەش كوسەن، ياشلار قۇرۇلتىيى فوندىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى تۇرسۇنتاي، قىرغىزىستان مىللىي ئۇنىۋېرسىتېتى ئۇيغۇر فاكولتېتىنىڭ مەسئۇللىرى ئەكبەرجان باھاۋۇدۇن، مىرزىكېرەم ئابدۇللا رېھىمجان ھاپىز قاتارلىق شەخسلەر بىلەن بىۋاستە كۆرۈشۈپ، ئۇلارغىمۇ گېرمانىيەدە چاقىرىلىدىغان شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى ھەققىدە مەلۇمات بېرىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ قۇرۇلتايغا بولغان ئارزۇ ـ ئىستەك ۋە تەكلىپ ـ پىكىرلىرىنى ئاڭلىدى، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ مىللىي داۋايىمىز ھەققىدە سورىغان تۈرلۈك سوئاللىرىغا جاۋاپ

بەردى. ئۇندىن باشقا لەسقەرجان يەنە قىرغىزىستاندىكى ئۇيغۇر ئاقساقاللىرىنىڭ، ياشلارنىڭ ۋە تىجارەتچىلەرنىڭ ۋەكىللىرى بىلەنمۇ كەڭ دائىرىدە سۆھبەت ئۆتكۈزدى.
ئومومەن لەسقەرجان قازاقىستان ۋە قىرغىزىستانلاردا 50 ۋە 200 كىشىلىك گۇرۇپپىلار ھالىدىكى ئۇيغۇرلار بىلەن جەمئى 28 قېتىم ئۇچرىشىش ئېلىپ باردى. قازاقىستان ۋە قىرغىزىستاندىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرى ۋە ئۇيغۇر جامائەتلىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك ( يۈسۈپبەگ مۇخلىسىنى ھىساپقا ئالمىغاندا ) بۇيىل گېرمانىيەدە چاقىرىلىدىغان شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيىنى تولۇق قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەيدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، ياۋروپادا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ ئىشلىگەن خىزمەتلىرىگە يۇقىرى باھا بەردى ھەمدە مىللىي قۇرۇلتاي ۋە مىللىي داۋايىمىزنىڭ كەلگۈسى ئىستىقبالى ھەققىدە كۆپلىگەن قىممەتلىك تەكلىپ ـ پىكىرلەرنى بەردى.

# كوممۇنىست خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغانلىقىنىڭ 50 ـ يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن گېرمانىيەدە خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى چاقىرىلدى

كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىئشغال قىلغانلىقىنىڭ 50 ـ يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن، بۇيىل 10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى گېرمانىيەنىڭ مىيونخېن شەھىرىدىكى ئاسترون مېھمانخانىسىنىڭ يىغىن زالىدا، « شەرقىي تۈركىستاندا ئىنسان ھەقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشى » دېگەن تېمىدا مەخسۇس خەلقئارالىق ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنى چاقىرىلدى.

« دۇنيا خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتى » بىلەن « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ ئورتاق تەشكىللىشى بىلەن چاقىرىلغان بۇقېتىمقى خەلقئارالىق ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنىغا، گېرمانىيە ھۆكۈمىتى ۋە پارلامېنتىنىڭ ۋەكىللىرى، « خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى » ۋە « دۇنيا خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتى » نىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى، فىرانسىيە، ئىسپانىيە قاتارلىق ياۋروپا ئەللىرىدىن كەلگەن چەتئەللىك ۋەكىللەر، گېرمانىيەدىكى خىتاي

دېموكراتىك تەشكىلاتلىرىنىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرى، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى، قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، تۈركىيە، ئامېرىكا، ئاۋۇستىرالىيە، شۋېتسارىيە، شۋېتسىيە، گېرمانىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرى ۋە گېرمانىيەنىڭ ميونخېن شەھرىدە ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلاردىن بولۇپ 200 دىن ئارتۇق كىشى قاتناشتى. ئۇندىن باشقا يەنە ئامېرىكىدىكى « ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى » ئۇيغۇرچە بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى دولقۇنجان قەمبىرى، ئامېرىكىدىكى « بېيجىڭ باھارى » ژورنىلىنىڭ ۋەكىلى شۆۋېي، فىرانسىيەدىكى مەشھۇر « فىگارو ماگازىن » ژورنىلىنىڭ مۇخبىرى بىرىسارت ... قاتارلىقلار بۇقېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا ئالاھىدە مېھمان سۈپىتىدە تەكلىپ قىلىندى.

بىركۈن داۋام قىلغان بۇقېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا، « دۇنيا خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتى » ئاسىيا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئۇلرىخ دېليۇس بىلەن « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ رەئىسى ئەسقەرجان بىرلىكتە رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىن جەريانىدا، « خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى » گېرمانىيە بۆلۈمىنىڭ باياناتچىسى دىرىك پىلايتەر، « دۇنيا خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتى » نىڭ ۋەكىلى دوكتۇر ئاندېرىياس سېلمېچى، تىبەتلىكلەرنىڭ دىنىي ۋە سىياسى داھىيسى دالاي لامانىڭ ياۋروپادا تۇرۇشلۇق سابىق ۋەكىلى گىيالسېن گىيالتاگ « دۇنيا خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتى » ئاسىيا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى

www.uyghurkitap.com



ئۇلرىخ دېلىۇس، گېرمانىيە دۇيسبۇرۇگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىراپېسورى توماس ھېبىر، گېرمانىيەلىك قانۇنچى ۋە ئادۋوكات ئالبېرت. گۆرۈك، تۈركىيەلىك مەشھۇر پىراپېسور ئابدۇقادىر دۆنۈك، تۈرك مۇتەپپەككۇرى، سىياسىيونى ۋە قانۇنشۇناس مۇزەپپەر ئۆزداغ، تۈركىيەلىك پىراپېسور مەمەت ساراي، مەشھۇر ئۇيغۇر ئەربابى ۋە تارىخچىسى ھاجى ياقۇپ ئانات، « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ رەئىسى ئەسقەرجان، « قازاقىستان ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى » نىڭ رەئىسى قەھرىمان غوجامبەردى ... قاتارلىق 10 دىن ئارتۇق كىشى مەخسۇس ئىلمىي دوكلات بېرىپ ئۆتتى. ئۇلارنىڭ دوكلاتلىرىدا، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى 50 يىللىق مۇستەملىكىچىلىك سىياسىتىگە ئومۇمىي يۈزلۈك ھالدا باھا بېرىلدى ھەمدە خىتاي دائىرلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەرقايسى ساھە خەلقلىرىگە سېلىۋاتقان زۇلۇم ۋە بېسىم سىياستى كەڭ دائىرىدە دەلىل ـ ئىسپاتلىق ھالدا پاش قىلىندى. بولۇپمۇ مەشھۇر ئۇيغۇر ئەربابى ۋە تارىخشۇناس ھاجى ياقۇپ ئانات ئەپەندىنىڭ شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا ۋاكالىتەن بەرگەن « شەرقىي تۈركىستاندا ئىنسان ھەقلىرى دەپسەندى قىلىنماقتا » دىگەن تېمىدىكى ئومۇمىي دوكلاتى بارلىق يىغىن ئەھلىنىڭ ئالاھىدە دىققەت ـ ئېتىۋارىنى قوزغىدى. « قازاقىستان ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى » نىڭ رەئىسى قەھرىمان غوجامبەردى بۇقېتىمقى يىغىندا بەرگەن دوكلاتى ئارقىلىق، كوممۇنىست خىتاينىڭ چېكىدىن ئاشقان زۇلمى تۈپەيلىدىن يېقىنقى مەزگىللەردىن بۇيان شەرقىي تۈركىستاندىن قېچىپ چىقىپ ئوتتۇرا ئاسىيادا سىياسىي پاناھلىق تىلەپ تۇرۇۋاتقان

ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ۋە قازاقىستان ھۆكۈمىتىنىڭ قاسىم مەخپىر ... قاتارلىق ئۇيغۇر ياشلىرىنى خىتاي دائىرىلىرىغا قايتۇرۇپ بەرگەنلىكىنىڭ ئەمەلى ئەھۋالى قاتارلىق جىددى سىياسى مەسىلىلەرنى خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى ۋە دۇنيا خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتى قاتارلىق خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭ ئاساسلىق رەھبەرلىرىگە يۈزتۇرانە ھالدا ئاڭلىتىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولدى.

بۇقېتىمقى يىغىنغا قاتناشقان بەزى خەلقارا تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرى يىغىندا بەرگەن پاكىتلىق، دەلىل ـ ئىسپاتلىق ۋە ئەتراپلىق دوكلاتلىرى ئارقىلىق، ئۆزلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننىڭ ۋەزىيىتىگە يېقىندىن دىققەت قىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى ھەرقايسى ساھەلەر بويىچە سېستىمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقانلىقىنى تولۇق نامايەن قىلىپ، شەرقىي تۈركىستانلىق بارلىق ۋەكىللەرنىڭ ئالقىشىغا ئېرىشتى. بولۇپمۇ ئاندېرىياس ئەپەندىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە بەرگەن ئومومى دوكلاتىدا، ۋەتىنىمىزنىڭ ئۆۋەتتىكى سىياسى، ئىقتىسادى، دىنى ۋەزىيىتى ۋە شەرقىي تۈركىستاندىكى جاللات قوشۇن ــ بىڭتۈەن نىڭ يەرلىك خەلقلەرگە كەلتۈرگەن بالايى ـ ئاپەتلىرى پاكىتلىق ھالدا ئەتراپلىق بايان قىلىنغان بولۇپ، مەزكۇر دوكلاتتا، قىسقىچە مۇنداق دېيىلگەن:

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان، شەرقىي تۈركىستاندا يەرلىك خەلقلەرنىڭ خىتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى ھەرىكەتلىرى ئۈزلۈكسىزھالدا كۈچىيىۋاتقان. كېيىنكى مەزگىللەردىن بۇيان خىتايغا قارشى ئومومى يۈزلۈك ھالدا باش كۆتۈرۈپ

www.uyghurkitap.com



چىقىش ھەرىكەتلىرى كۆپەيدى، بولۇپمۇ بارىن ۋەقەسى بۇنىڭ باشلانغۇچى بولدى. بىزنىڭ ئىگەللىشىمىزچە، يېقىنقى مەزگىللەردىن بۇيان خىتاي دائىرىلىرى شەرقىي تۈركىستاندا 1 مىڭ 500 دىن ئارتۇق مەسجىدنى مەجبۇرى ھالدا تاقىۋەتكەن، كۆپلىگەن دىنى ئۆلىمالار قولغا ئېلىنغان، 105 مەدرىس پېچەتلەنگەن، پەقەت ئىلى ۋىلايىتىدىلا 113 مەسجىد ھۆكۈمەت تەرىپىدىن تاقىۋېتىلگەن. خىتاي ھۆكۈمىتى 90 ـ يىلى مەخسۇس قارار چىقىرىپ، دىنى خادىملارنىڭ پائالىيەتلىرىگە قاتتىق چەكلىمە قويغان، دىنى خادىملارنى ۋەز ـ نەسىھەتلىرىدە جامائەتكە كوپارتىيەنىڭ تەشۋىقاتىنى قىلىشقا، مىللى بۆلگۈنچىلەر گە قارشى تۇرۇشنى تەشۋىق قىلىشقا قىستىغان. خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ بۇخىل بېسىمى تۈپەيلىدىن كۆپلىگەن ئۆلىمالار خىزمىتىنى تاشلاپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان. شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ چەتئەل مەتبۇئاتلىرىدىن پايدىلىنىشى قاتتىق چەكلەنگەن بولۇپ، ئومومەن ئۇيغۇرلارنىڭ تاشقى دۇنيا بىلەن بولغان ئالاقىسى تامامەن ئۈزۈپ تاشلانغان، ماھىيەتتە بولسا بۇ، ئىنسانلارنىڭ ئەڭ ئاساسلىق ھەق ـ ھوقوقلىرىنىڭ بىرى .

ئاندىرىياس ئەپەندى دوكلاتىدا شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىقتىسادى ۋەزىيىتى ھەققىدە توختۇلۇپ مۇنداق دەپ بايان قىلدى:

خىتاي دائىرىلىرى شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئىقتىسادىنى قاتتىق تالان ـ تاراژ قىلماقتا. خىتاينىڭ نېفىت سانائىتى كىرىمىنىڭ 99 پىرسەنتى شەرقىي تۈركىستاندا بولۇپ، يىلىغا ئوتتۇرا ھىساپ بىلەن 100 مىليون توننا نېفىت شەرقىي

تۈركىستاندىن خىتايىنىڭ ئىچكى ئۆلكىلىرىگە توشۇپ كېتىلمەكتە. خىتايىنىڭ كۆمۈر ۋە تۆمۈرسانائىتىنىڭ 85 پىرسەنتى شەرقىي تۈركىستاندا. خىتاي دائىرىلىرى شەرقىي تۈركىستاندا كۆپلىگەن زاۋۇت ـ كارخانىلارنى قۇرۇپ، خىتايىنىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىدىن خىتاي كۆچمەنلىرىنى يۆتكەپ كېلىپ ئىشلەتمەكتە. خىتايىنىڭ مەقسىدى، شەرقىي تۈركىستاننى ئۆزىنىڭ مەڭگۈلۈك مۇستەملىكىسىگە ئايلاندۇرۇۋېلىشتىن ئىبارەت ».

ئاندىرىياس ئەپەندى دوكلاتىدا، شەرقىي تۈركىستاندىكى جاللات قوشۇن ـ « بىڭتۇەن » ھەققىدە توختۇلۇپ مۇنداق دەپ بايان قىلدۇ:

« 2 مىليون 400 مىڭ نوپۇسقا ئىگە « بىڭتۇەن » ـ ماھىيەتتە بولسا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى تالان ـ تاراژ قىلىۋاتقان بىرى ھەربى قوشۇن. ئۇنىڭ نوپۇسىنىڭ 97 پىرسەنتى خىتايلاردىن ئىبارەت بولۇپ، ئۇلار شەرقىي تۈركىستاندا يەرلىكلەرنىڭ ئەڭ ياخشى يەرلىرىنى زورلۇق بىلەن ئىگەللىۋالغان. بىزنىڭ ئىگەللىشىمىزچە، « بىڭتۇەن » قارمىقىدىكى زاۋۇت ـ كارخانىلارنىڭ ھەممىسى زىيانغا ئىشلەۋاتىدۇ، خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مەقسىدى ـ بۇئارقىلىق شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتاي كۆچمەنلىرىنى تۇتۇپ تۇرۇشتىن ئىبارەت. 1949 ـ يىلىدىن بۇرۇن شەرقىي تۈركىستاندا ئاران 200 مىڭ ئەتراپىدا خىتاي كۆچمىنى بارئىدى، خىتاي دائىرىلىرىنىڭ ستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، ھازىرغا قەدەر 7 مىليون خىتاي كۆچمىنى شەرقىي تۈركىستانغا كېلىپ يەرلەشكەن، بۇلار شەرقىي تۈركىستاندىكى ئومومى نوپۇسنىڭ 41 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلدى ».

---

« شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نەشر قىلدى

www.uyghurkitap.com



# شەرقىي تۈركىستاندا ئىنسان ھەقلىرى ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندى قىلىنماقتا

ئىنسان ھەقلىرى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزگىنىمىزدە، ئالدى بىلەن ئىنسان ھەقلىرى ئۈستىدە قىسقىغىنە توختىلىپ ئۆتۈشكە توغرا كېلىدۇ. ئىنسان ھەقلىرى ــ ئىنساننىڭ كىشىلىك ھۆرلۈكى ۋە باشقا دېموكراتىك ھەقلىرىدىن ئىبارەتتۇر.

ئىنسان ھەقلىرى ــ دەسلەپ ئەنگلىيىدە بۇرژۇئا ئىنقىلاۋىدا ئوتتۇرىغا قويۇلغان شۇئار بولۇپ، ئۇنىڭ قارشى تۇرىدىغان نىشانى ـ فېئوداللار بىلەن بىيۇگىراتلار ئىدى. ئۇرغۇن كۈرەشلەر نەتىجىسىدە ئەنگلىيە پارلامېنتى 1679 ـ 1689 ـ يىللىرى، « ئىنسانلارنى قوغداش قانۇنى » ۋە « ھەقلەر قانۇن لايىھەسى » نى ماقۇللىدى. 18 ـ ئەسىردە فىرانسىيە رېنە سانس دەۋرىنىڭ مۇتەپەككۇرلىرىدىن روسسىر... قاتارلىقلار بۇرژۇئازىيەنىڭ موھىم سىياسىي نەزىرىيەلىرىدىن بىرى بولغان ـ « ئىنسان تەبىئىي ھەقلىرى » تەلىماتىنى تەشەببۇس قىلدى.

1776. يىلى ئامېرىكىدا، « مۇستەقىللىق خىتاپنامىسى » ئېلان قىلىندى.

1789 ـ يىلى فىرانسىيىدە، « فىرانسىز ئىنسان ھەقلىرى باياننامىسى » ئېلان قىلىندى.

يۇقۇرىدىكى ھۆججەتلەرنىڭ ھەممىسى بۇ تەلىماتلارنىڭ گەۋدىلەندۈرۈلگەن ئىپادىلىرىدۇر.

ئامېرىكىنىڭ « مۇستەقىللىق خىتاپنامىسى » دا: « پۈتۈن ئىنسانلار ھۆردۇر، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ھۆر ۋە بەختىيار ياشاشتىن ئىبارەت تەۋرەنمەس تەبئىي ھەقلەرگە ئىگىدۇر » دەپ بايان قىلىنغان.

فىرانسىيەنىڭ ، « فىرانسىز ئىنسان ھەقلىرى باياننامىسى » دىمۇ: « ئىنسانلار ھۆر تۇغۇلغان، ئۇلارتۇغۇلۇشىدىنلا ھوقوقتا تەڭ ـ باراۋەردۇر، ئۇلار ھۆر،بىخەتەر ياشاش ھەمدە ئىزىشكە قارشى تۇرۇشتىن ئىبارەت تەۋرەنمەس تەبىي ھەق ـ ھوقوقلارغا ساھىپتۇر » دەپ بايان قىلىنغان.

1948 ـ يىلى بىرلەشكەن دەۋلەتلەر تەشكىلاتى « دۇنيا ئىنسان ھەقلىرى باياننامىسى » نى تەستىقلاپ، ئىنسان ھەقلىرىنىڭ مەزمۇنىنى شەرھىلىدى. بەزى جەھەتلەردە غەرپنىڭ ئەنئەنىۋى ئىنسان ھەقلىرى چۈشەنچىلىرىدىن ھالقىدى. جاھان ۋەزىيىتىنىڭ تەرەققىياتى بىلەن ئىنسان ھەقلىرى چۈشەنچىسى ئىچ قانۇن دائىرىسىدىن چىقىپ، خەلقئارالىق قانۇن دائىرىسىگە كىرىپ، يېڭى مەزمۇنلارنى ئۆز ئىچىگە ئالماقتىدۇر.

خەلقئارادا ئىنسان ھەقلىرىنى جارى قىلىش ۋە نازارەت قىلىش ئۈچۈن، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا مەخسۇس ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى قۇرۇلغاندۇر.

يۇقۇرىدا ئىنسان ھەقلىرى توغرىسىدا قىسقىغىنە توختالدىم، ئەمدى بۇ چۈشەنچە بىلەن، شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرى ئۈستىدە بىر ـ ئاز توختۇلۇپ ئۆتمەكچىمەن:

شەرقىي تۈركىستان، ياقۇپبەگ ھاكىمىيىتىنىڭ ئىنقىرازىدىن كېيىن، بۇ ئەسىرنىڭ 10 ـ يىلىدىن باشلاپ ياڭ زىڭشىن، جىن شۇرېن، شىڭ شىسەي، مىللەتچى خىتاي ۋە كوممۇنىست خىتاي

www.uyghurkitap.com



بولۇپ جەمئىي بەش دەۋرنى باشتىن كەچۈردى ۋە كەچۈرمەكتە.

1949 ـ يىلىغىچە يېرىم فېئودال، يېرىم مۇستەملىكە بولغان خىتاينىڭ ئۆزى ئىمپېرىيالىستلارنىڭ زۇلۇم ۋە ئېزىشىگە ئۇچرىغانلىقتىن، خىتايدا ئىنسان ھەقلىرىدىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

مۇستەملىكە ھاياتىمىز باشلانغان 1884 ـ يىلىدىن، 1949 ـ يىلى خىتاي كوممۇنىستلىرىنىڭ ئىستىلاسىغىچە ئۆتكەن 65 يىل ئىچىدە، مۇستەملىكىنىڭ مۇستەملىكىسى بولغان شەرقىي تۈركىستان خەلقلىرىنىڭ ئىنسان ھەقلىرى ئىمە بولماقچى ئىدى؟

بۇ دەۋردىكى زۇلۇم، ئىسكەنجىلەر ھەققىدە سۆزلەشكە يىغىنىمىزنىڭ ۋاختى يارىمەيدۇ. بۇ يەردە خىتاي كوممۇنىستلىرى ئىستىلاسىدىن كېيىن، خىتاي ھۆكۈمران دائىرىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا يۈرگۈزۈۋاتقان زۇلۇم ـ ئىسكەنجىلىرى ۋە ئىنسان ھەقلىرىنى دەپسەندە قىلىشلىرى ئۈستىدە قىسقىچە توختۇلۇپ ئۆتىمەن.

## 1. پۈتۈن تۈركىستان خەلقلىرىنىڭ ئىنسان ھەقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشى

1949 ـ يىلى 25 ـ سىنتەبىردە خىتاي كوممۇنىست ئارمىيىسى شەرقىي تۈركىستانغا باستۇرۇپ كىردى، تەسلىمچى گېنېرال تاۋسىيۇ، مىللىي خائىنلاردىن سەيپىدىن ئەزىزى، بورھان

شەھىدىلەرنىڭ بىرلىككە كېلىشى بىلەن، بىر پاي ئوق ئاتماستىن قىزىل خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى شەرقىي تۈركىستاننى ئىستىلا قىلدى.

« ئازاتلىق »، « دېموكراتىيە » ... دىگەن چىرايلىق ئاتالمىلار بىلەن نىقاپلانغان بۇ « خالاسكارلار »، سەھەر تۇرۇپ كوچىلارنى سۈپۈردى، سۇ چاچتى، كىشىلەرنىڭ قوراسىغا كىرىپ ئوتتۇنلىرىنى يېرىپ، قىغلىرىنى توشىدى، ئاغرىقلارنى ھەقسىز داۋالىدى، بۇ ئىستىلاچى، مۇستەملىكچى قىزىل قوشۇن، شەرقىي تۈركىستانغا جايلىشىۋالغاندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ تاجاۋۇزچىلىق، بۇلاڭچىلىق ئەپتى ـ بەشىرىسىنى ئاشكارىلاشقا باشلىدى.

ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدىن غالىپ چىققان دۇنيانىڭ قىزىل دېكتاتورلىرىدىن ستالىن روسيەسى بۇ قىزىل خىتاي ھاكىمىيتىنىڭ ھىمايىچىسى ئىدى. شەرقىي تۈركىستاندا بۇلارغا قارشى تۇرىدىغان ھېچقانداق كۈچ قالمىغانلىقتىن ، قىزىل خىتاي شەرقىي تۈركىستاندا ئەمدى خالىغىنىنى قىلىدىغان ۋە قىلالايدىغان ۋەزىيەت يارىتىلغان ئىدى .

تۆۋەندە قىزىل خىتاي ئىمپىريالىستلىرىنىڭ ئىنسان ھەقلىرىنى دەپسەندە قىلغانلىقى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىلىدۇ :

( 1 ) قىزىل خىتاي پەردە ئارقىسىدا تۇرۇپ ، ئۆزىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى گۇماشتىلىرىنىڭ قولى بىلەن ھىندىستان يولىدىن قايتقان بىر تۈركۈم مىللىيەتچىلەرنى قەشقەر ۋە ئاقسۇدا قولغا ئالدى . بۇلارنى « ئامېرىكا ، ئەنگلىيە ، تۈركىيە ...جاھانگىرلىرىنىڭ جاسۇسلىرى ، قۇيرۇقلىرى » دەپ

تۈرمىلەرگە تاشلىدى ۋە بۇلارنىڭ ئالدىغا ئۆلۈم جازاسى بەردى، قالغانلىرى تۈرلۈك قاماق جازالىرىغا ھۆكۈم قىلىندى (قۇربان قوداي، ئابدۇل ئەزىز چىڭگىزخان... لارغا ئۆلۈم جازاسى بەردى. مەسئۇد سەبرى بايقۇزى، ئۆمەر دامولla (قەشقەر ۋالىيسى) تارلىقلارنى زەھەر بىلەن ئۆلتۈردى. قالغانلىرى ( ھاجى ياقۇپ، ئۆتكۈر، خەبەر تۆمۈر، سەلجۇق... ۋە باشقىلار 20 ـ 30 يىللىق قاماق جازالىرىغا ھۆكۈم قىلىندى).

( 2 ) 1950 ـ يىلى « ئىجارە كېمەيتىش » نامى ئاستىدا دېھقانلارغا ئۇرغۇن ئالۋان ـ ياساق سېلىپ، ئۇلارنى ئىقتىسادىي ئاساستىن ئايرىدى، كۆپ ساندىكى ھاللىق دېھقانلارنى تۈرمىلەرگە قامىدى.

( 3 ) 1951 ـ يىلى پۈتۈن خىتاي بويىچە « ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى بېسىقتۇرۇش ھەركىتى » ئېلىپ بېرىپ، بىر نەچچە مىليون كىشىنى تۈرمىگە تاشلىدى ۋە ئۆلۈم جازاسى بەردى، ئەمگەك لاگېرلىرىغا ئىۋەتىپ مەجبۇرى ئەمگەككە سالدى. ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئىچىدە مەسئۇد سەبرى بايقۇزى، قۇربان قوداي، چىڭگىزخان دامولla، پولكوۋنىك ئالغوپۇر سەبرى، يىلدىرىم سەبرى، فەتھىدىن مەخسۇم، ئابدۇل ھەمىد داموللام، ھامۇت ھاجى، سەئىد ئەھمەد خوجا، زەپەر خوجا، ئابدۇللا سەمەدى، ئۇربەك، پاساربەك، ئوسمان باتۇر، جانىمقان ھاجى، ئورازبەك، سىدىق زالىك، ۋەلى زەكىريا ( زاكېچىك)، ۋەلى،داۋۇت، ئابدۇرېھىم قىلىچ، پوربۇجاب، ئابدۇلقادىر تاھىرى... لاردىن ئىبارەت ئۇرغۇن شەھىدلىرىمىز باردۇر.

دىققەت قىلىدىغان بىر يېرى شۇكى، بۇ دەۋردە شەرقىي تۈركىستاندا بىر ناھىيىنىڭ پارتىكوم سېكرېتارى تەسدىق قىلسىلا

ئادەم ئۆلتۈرۈلەتتى. بۇ ھەرىكەت سەككىز ئاي داۋام قىلدى، يالغۇز شەرقىي تۈركىستاندىلا بىر نەچچە يۈز مىڭ ئادەم جازالانغانتى. بىر مىسال، 1956 ـ يىلدىكى « قالدۇق ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش ھەرىكىتى » جەريانىدا مەن ئۈرۈمچى شەھەرلىك ساقچى ئىدارىسىنىڭ ھازىرقى ئورتا سوت قىلىغان يېرىدىكى (بۇرۇنقى مەشھۇر 2 ـ تۈرمە) تۈرمىدە ئىدىم. كەڭلىكى 5 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 6 مېتىر كېلىدىغان ئۆيدە 41 ئادەم ياتقانتۇق، سېسىقچىلىق، ھاۋاسى بۇزۇق كامىردا ئورۇن ـ كۆرپىمىزنى ئوپچە سالاتتۇق، يانچە ياتاتتۇق، بۈيرۇق بىلەن ئۆرىلەتتۇق، بولۇپمۇ سەھەردە... مانا بۇ، قىزىل خىتايدىكى تۈرمە ئەھۋاللىرى ۋە ئىنسان ھەقلىرى.

( 4 ) 1951 ـ يىلى دېكابىردا « 3 كە قارشى ھەرىكەت » ( پارىخورلۇققا، ئىسراپچىلىققا، بىيوكىراتلىققا ) ئېلىپ بېرىلدى. ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر، تىجارەتچىلەر ۋە تەنزىكەشلەرنى يىغىۋېلىپ، مەجبۇرى ئىخرار قىلدۇرۇپ، يىمگەن پۇلنى « يېدىم » دېگۈزۈپ، نۇرغۇن ئادەملەرنى جازالىدى، پۇل ـ ماللىرىنى « تۆلەم » نامى ئاستىدا مۇسادىرە قىلدى، بۇ ھەرىكەتتىمۇ نۇرغۇن ئادەم « يۇۋۇاش » دەپ قالپاق كەيگۈزۈلۈپ، تۈرمىلەرگە، لاگىرلارغا قامالدى. بىر تۈركۈمى ئۆلتۈرۈلدى.

( 5 ) 1952 ـ يىلى يانىۋاردىن باشلاپ، سودا ـ سانائەتچىلەر ئارىسىدا « 5 كە قارشى تۇرۇش » ( پارىخورلۇق، باج ئوغرىلاش، دۆلەت مۈلكىنى ئوغۇرلاش، ئىش ۋاقتى ۋە ماتىرىياللارنى ئوغرىلاش، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي ئاخپاراتلىرىنى ئوغىرلاش ) ھەرىكىتى ئېلىپ بېرىلدى. بۇھەرىكەت 1952 ـ يىلى ئۆكتەبىردە

تۈگىدى. ھەرىكەت جەريانىدا نۇرغۇن ئىنسانلار جازالىنىپ، تۈرمىلەرگە تاشلاندى.

( 6 ) « قالدۇق ئەكسىلئىنقىلابچىلارنى تازىلاش ھەرىكىتى »:

1956 ـ 57 ـ يىللىرى بۇھەرىكەت پۈتۈن خىتاي بويىچە يۈرگۈزۈلدى. شەرقىي تۈركىستاندىمۇ بۇھەرىكەت ناھايىتى كۈچلۈك ئېلىپ بېرىلىپ، ھەرمىللەتتىن نۇرغۇن ئادەملەر قامالدى، لاگېرلارغا تاشلاندى ۋە ئۆلتۈرۈلدى.

( 7 ) 1958 ـ 1959 ـ يىللىرى « ئىستىل تۈزىتىش ھەرىكىتى » نامى ئاستىدا شەرقىي تۈركىستاندا مىللەتچىلىككە قارشى ھەرىكەت ئېلىپ بېرىلدى. بۇھەرىكەت جەريانىدا قەپ قالغان كونا مىللەتچىلەرنى تازىلاشتىن سىرت، يەنە 3 ۋىلايەت مىللىي ئارمىيىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، نۇرغۇنلىغان مىللىي ئوفىسسەرلەرنى تازىلىدى، ئۇلارغا « مىللەتچى » قالپىقى كەيگۈزۈلدى. بۇھەرىكەتتە شەرقىي تۈركىستاندا مەدىنىيەت ئازىرى زىيا سەمەدى، سودا ئازىرى ئابلىز قارى، ئۈرۈمچىنىڭ شەھەر باشلىقى ئابدىرىھىم سەھىدى، غولجا ۋالىسى ئابدىرىھىم ئەيسا ( ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالدى ) لار باشچىلىقىدا نۇرغۇن ساندىكى يەرلىك خەلقلەرگە مىللەتچى قالپىقى كەيدۈرۈلۈپ جازالاندى، قامالدى ۋە لاگېرلارغا ھەيدەلدى، يەڭگىللىرى يېزا ـ قىشلاق ۋە تاغلىق رايونلارغا چۈشۈرۈلدى.

( 8 ) 1960 ـ يىللىرىدا، « ئوڭچىلىقتا ۋە ئوڭچىلىق خانىشلىرىغا قارشى تۇرۇش ھەرىكىتى » يۈرگۈزۈلۈپ، يەنە نۇرغۇن زىيالىلىرىمىزنى جازالىدى، تۈرمە ۋە لاگېرلارغا تاشلىدى، بۇلارغا مۇددەتلىك جازا بەرمەستىن، « ئۆزگەرسە قويۇپ

بېرىلىدۇ » دەپدىغان ئىلاستىك كەيفى قاماق جازاسى بېرىلدى. بۇھەرىكەتنىڭ نىشانلىرى قىلىنغان كىشىلەرنىڭ ئالدى 20 يىللاپ، ئەقەللىسى 10 يىللاپ جازالاندى. ( كېرىمبەك سالى )

( 9 ) سوتسىيالىستىك تەربىيە ھەرىكىتى:

بۇھەرىكەت ئارقىلىق، كىشىلەردىكى سوتسىيالىزىم ۋە كوممۇنىزىمغا يات كېلىدىغان پىكىر ـ ئىقىملارنى تازىلىدى، يېزىلاردا « كاپىتالىستىك خائىنش » لارغا قارشى تۇردى، كوللىكتىپ قازان يۇرگۈزۈلۈپ، موراجاسۇسلىرى ( ھەربىر ئائىلىگە جاسوس قويۇلدى ) يولغا قويۇلدى.

( 10 ) ئاتېزىم (دىنسىزلىق) تەربىيىسى:

1960 ـ يىللىرىدىن كېيىن، ئىداره ـ مەكتەپلەردە ۋە جەمىيەتتە كەڭ كۆلەملىك ئاتىزىم تەربىيىسى ئېلىپ بېرىلىپ، كىشىلەرگە ئاتىزىمنى مەجبۇرى تاڭدى. مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى دىنسىزلەشتۈردى، ناماز ئوقۇش ئىشچى ـ خىزمەتچىلەر ئارىسىدا قاتتىق چەكلەندى.

( 11 ) مەدىنىيەت ئىنقىلاۋى ھەركىتى:

1966 ـ يىلى ئىيۇندا پۈتۈن خىتايدا، « مەدىنىيەت ئىنقىپلاۋى ھەركىتى » ( ئەملىيەتتە ۋەھشىيەت ئىنقىلاۋى) بولدى، « بۇرجۇئامەدىنىيتى » گە قارشى ھەركەت ئېلىپ بېرىلدى ، پۈتۈن كىتابلار كۆيدۈرۈلدى ، مەسجىدلەر يىقىتىلىپ ، توڭگۇزخانا ، ئىشخانىلارغا ئايلاندۇرۇلدى . موسۇلمان تۈرك ئايالرىنىڭ چاچلىرى ، بوۋايلارنىڭ ساقاللىرى كېسىلدى ، كاستۇيۇم ـ يوپكىلار مەنئي قىلىندى ، دوتتار ، تەمبۇر ، ساتار ، چاڭ ۋە ئىسكىروپكا... كەبى مىللىي سازلار، « بۇرجۇئا مەدىنىيتى » دېيىلىپ ، چېقىپ تاشلاندى ، چېلىش مەنئي

قىلىندى ، مىللىي غەزەل ـ مۇقاملىرىمىز ئەمەلدىن قالدۇرۇلدى، بۇنىڭ ئورنىغا خىتايچە ئاتالمىش « مارشلار » ئوقۇلدى . كىنو كۆرۈش چەكلەندى. < قاسىمكام مىسالى >

( 12 ) شەخسكە چوقۇندۇرۇش تەشۋىقاتى :

خىتايدا 1949 ـ يىلىدىن بۇيان شەخسكە چوقۇنۇش تەشۋىقاتى ئىزچىل ئېلىپ بېرىلدى . ماۋنىڭ شەخسىيىتىنى كۆككە كۆتۈرۈپ ، ئۇنىڭغا چوقۇندۇرۇش ھەركىتى كۈچلۈك ئېلىپ بېرىلدى . ماۋ ، «داھىي » ئۇنۋانىنى ياراتماي، ئۆزىنى بىرخىل ئەۋلىيا ، پەيغەمبەر قاتارىغا قويۇپ، ئاللاھ ئورنىغا ئېنسان كۆرۈپ ، مەنىۋىيەت دەرىجىسىگە كۆتەر گۈزۈپ ، نىمە دېگۈزۈشنى بىلمەي قالغانىدى . ماۋنىڭ ئەسەرلىرى خىتاي خەلقىگە مەجبۇرى يادلاتقۇزۇلدى . گويا پۈتۈن ئىلىمنىڭ مەنبەئى ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرى... دېيىشتىن نۇمۇس قىلمىدى، خىجالەت بولۇشمىدى. ( مەخسۇم سالى)

( 13 ) « تۆت كىشىلىك گورۇھقا قارشى ھەركەت »:

جىياڭ چىڭ، ۋاڭ خۇڭۋېن، جاڭچۇنچياۋ، ياۋ ۋېنيۈەن... باشچىلىقىدىكى « 4 كىشىلىك گورۇھ » يوقۇتۇلۇپ، دېڭ شاۋپىڭ ھاكىمىيەتنى ئىگەللىگەندىن كېيىن، خىتايدا تاشقىرىغا ئېچىلىش سىياستى، بىر ئاز دېمۇكراتتىيە يۈرگۈزۈلدى. 15 يىل ھەركەت ئېلىپ بارماسلىق ۋەدىسى بېرىلدى. لېكىن بۇ ئازغىنە كەڭچىلىك ۋە دېموكراتىيەدىن پايدىلانغان خىتاي خەلقى، « جۇڭگوچە سوتسىيالىزىم » شوئارى ئاستىدا، نامدا سوتسىيالىزىم، ئەمىليەتتە كاپىتالىزىمنى يۈرگۈزدى. يېزىلاردىمۇ ئىسلاھات يۈرگۈزۈپ، كومۇنا ئەمەلدىن قالدۇرۇلۇپ، يەرلەر ئەمگەككە

قاراپ خۇسۇسلارغا تەخسىم قىلىپ بېرىلدى. خەلقنىڭ ئىقتىسادى ھالى ئانچە ـ مۇنچە تۈزەلگەندەك بولدى...

( 14 ) « مەنىۋى بۇلغۇنۇشقا قارشى تۇرۇش ھەركىتى » :

بىر ئاز كەڭچىللىكتىن پايدىلانغان خەلق ئىچىدە، كاپىتالىزىم يامراشقا باشلىدى. 80 ـ يىللارغا كەلگەندە شەرقىي تۈركىستاندا كومۇنىستلارنىڭ ئىدىئولوگىيە ساھەسىدىكى 40 يىللىق ئەجىرلىرى كارغا كەلمەي، شەرقىي تۈركىستاندا مىللەتچىلىك، تۈركچىلىك، تۈركچەچىلىك پىكرى كۆچۈيۈشكە باشلىدى. گېزىت ـ مەجمۇئەلەردە، شېئىر ـ قوشاقلاردا، مەكتەپلەرنىڭ دەرسخانىلىرىدا مىللەتچىلىك، تۈركچىلىك ئۆزىنىڭ تەبىي تەرەققىياتىنى كۆرسەتمەكتە ۋە نامايەن قىلماقتا ئىدى. ۋەھىمىگە چۈشكەن خىتاي دائىرلىرى، مىللەت ئىچىدىكى خائىنلار، ئىدىئولوگىيە ساھەسىدە بىر ھەركەت ئېلىپ بېرىپ، مىللەتچىلىك، تۈركچىلىك، تۈركچەچىلىكنىڭ تەبىي تەرەققىياتىغا توسقۇنلۇق قىلماقچى بولدى. ئەمما بۇ ھەركەت مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلاشتى.

( 15 ) ئۈچ كىتاپنى تەنقىتلەش ھەركىتى:

80 ـ يىللاردا باشلانغان نىسپى كەڭچىللىكتىن پايدىلانغان بەزى مىللىي ئاپتۇرلىرىمىز، ئەدەبىيات ۋە تارىخ ساھەسىدا بەزى مىللەتچىلىك روھىدىكى كىتاپلارنى يېزىپ نەشىر قىلدۇرغان ئىدى. بۇ كىتاپلارنى زىيانلىق دەپ بىلگەن خىتاي ھۆكۈمران دائىرلىرى ۋە بۇنىڭغا ماسلاشقان مىللىي مۇناپىقلار، شەرقىي تۈركىستاندا تۇرغۇن ئالماس باشلىق مىللەتچى ئالىملىرىمىزنىڭ ئەسەرلىرىنى، جۈملىدىن مەرھۇم مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا ھەزرەتنىڭ ئەسەرى « شەرقىي تۈركىستان تارىخى » نى ئابزاس

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ـ ئابزاسلىرى بويىچە كېزىتلەرگە نەقىل ئېلىپ تەنقىتلىدى ، بۇ مۇناسىبەت بىلەن ماقالىلار يېزىلدى، كىتاپلار چىقىرىلدى.

( 16 ) 89 ـ 90 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا شەرقىي تۈركىستان تارىخىدا دەسلەپكى قېتىم ئوقۇغۇچىلار ھەركىتى باشلاندى، نامايىشلار بولدى، ئەمما نامايىش قىلغان ئوقۇغۇچىلار جازالاندى. ئارىمىزدىكى دولقۇن ئەيسا جازالانغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ بىرىدۇر.

( 17 ) 90 ـ يىللارنىڭ باشلىرىدا ۋە ئوتتۇرلىرىغا كەلگەندە، شەرقىي تۈركستاندا نامايىش قىلىش، قۇراللىق قارشىلىق كۆرسۈتۈش ھەركەتلىرى كۆچەيدى، پارتىلىتىشلار يۈز بېرىپ تۇردى. خىتاي ھۆكۈمران دائىرلىرى شەرقىي تۈركىستانغا ئەسكەر يۆتكەشتىن تاشقىرى، 30 مىڭ نەپەر ياخشى تەربىيلەنگەن ژاندارمىلارنى يۆتكەپ كېلىپ، ئۇلارنى شەرقىي تۈركستان خەلقلىرىنى باستۇرۇشقا سالدى.

( 18 ) خىتايدىكى توغۇت چەكلەش سىياستى بويىچە، شەرقىي تۈركستان خەلقلىرىگە ئىككى بالا تۇغۇش سىياستىنى يۈرگۈزدى. كېيىنچە بىر بالا تۇغۇشنى تەشەببۇس قىلدى. بۇ سىياسەتكە ئۇنىمىغان ھامىلە ئاياللارنىڭ قورسىقىنى يېرىپ بوۋاقلىرىنى ئېلىپ تاشلىدى. ( ئەيسا سالى 1995. يىل)

( 19 ) كېيىنكى مەزگىللەردىن بۇيان مەسچىدلارنى ئازايتتى، يېڭى مەسچىد سېلىشقا رۇخسەت قىلمىدى. قاغىلىقتىكى دىنىي مەدرىسلەرنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، بۇ مەدرىستە ئوقۇپ چىققان تالىپلارنىڭ ھەممىسىنى دىگۇدەك ( چەتئەلگە قاچقانلاردىن سىرت ) قاماقىقا ئالدى. ئابدۇل ھېكىم ھاجى مۇدەررىسلىكىدىكى بۇ مەدرىسنىڭ تالىپلىرى شەرقىي تۈركستان

ئىستىقلال مۇجادىلىسىدە ئەڭ جەڭگىۋار رول ئوينىدى ۋە كۆپ شېھىت بەردى.

( 20 ) شەرقىي تۈركىستاندا مېدىتسىنا، سانائەت... ئىنستوتلىرىنىڭ دەرس تىلى خىتايچە ئىدى، موھىم نوقتۇلۇق ئۇنىۋېرسىتېتلەرنىڭ بىرى بولغان « شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى » ۋە « پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى » نىڭ دەرس تىلى تىئۇيغۇرچە ئىدى، يېقىندا بۇ ئۇنىۋېرسىتېتلەرنىڭ تىلىنى خىتايچە قىلىۋالغان.

يۇقۇرىدىكىلەر، خىتاي ھۆكۈمران دائىرلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا ئېلىپ بېرىۋاتقان مۇستەملىكچىلىك ۋە خىتايلاشتۇرۇش سىياسىتىنىڭ ئەملىي ئىپادىلىرىدۇر، بۇمۇ ئىنسان ھەقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىقىنىڭ جانلىق دەلىلىدۇر.

## تۆۋەندە ئۆزەمنىڭ ئىنسانى ھەقلىرىمنىڭ دەپسەندە قىلىنىشى ھەققىدە توختۇلۇپ ئۆتىمەن:

بۇ يىل 79 ياشتىمەن، ھاياتىمنىڭ 31 يىلى تۈرمىلەردە، لاگېرلاردا ئۆتتى. ۋەتەنىدە مەرھۇم ئابدۇل ئەزىز مەخسۇم ئاكامدىن قالسا، تۈرمىدا ئەڭ ئۇزۇن ياتقانلارنىڭ بىرىمەن، بۇنى سۆزلۈشۈمدىكى مەقسەت، ئۆزەمنى تونۇشتۇرۇش ئەمەس، ئىنسان ھەقلىرىمنىڭ دەپسەندە قىلىنىش تارىخىنى تونۇشتۇرماقچىمەن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



چۈنكى مەن گۇناھ قىلمىدىم، ئوغۇرلۇق قىلمىدىم، قاتىللىق قىلمىدىم، قولۇمغا قورال ئېلىپ مەۋجۇد ھاكىمىيەتكە قارشى چىقمىدىم، مىللەتچىلىك خائىنشى ۋە مىللەتچىلىك پىكرىم ئۈچۈن 31 يىل تۈرمىگە سولاندىم، ئىنسانىي ھەق ـ ھوقۇقۇمدىن مەھرۇم بولدۇم، خورلاندىم، قىين ـ قىستاقتا ياشىدىم، بۇلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەتتۇر:

(1) 1949 ـ يىلى 20 يېشىمدا شىڭشىسەي دەۋرىدە خوتەن گېزىتخانىسىنىڭ مۇدىرى ۋە باش مۇھەررىرى ئىدىم، ھېچ بىر گۇناھىم يوق تۇرۇقلۇق تۈرمىگە تاشلاندىم، ئۈرۈمچىگە ئېلىپ كەلدى، سوراقلاردا ئۇردى، قىينىدى، چۈشۈمدىمۇ كۆرمىگەن ياپونىيەگە باغلاپ، مېنى « ياپون جاسۇسى » قىلىشتى، كېيىن شىڭشىسەي ئۆزگۆرۈپ گومىنداڭچى بولدى، مېنى ئەمدى « سوۋېت جاسۇسى » قىلدى، ئۇنىمىساق ئۆلتۈرەتتى، ئىمە دىسە ماقۇل دەپ قول قويۇۋاتتۇق، جان ساقلاشنىڭ، ئامان قېلىشنىڭ يولى بۇ ئىدى. 5 يىللىق تۈرمە ھاياتىمدا خىتايچە ئۆگەندىم، ياخشى تەرجىمان بولۇپ يېتىشتىم.

( 2 ) 1945 ـ يىلى تۈرمىدىن چىقتىم، ئوقۇش ئۈچۈن تۈركىيەگە كېلىمەن دەپ، خىتاينىڭ مەركىزى نەنجىڭگە كەلدىم. تۈركىيەگە بېرىشقا ئىرادە بولمىدى، نەنجىڭدا ئۇنىۋېرسىتېتكە مۇئەللىم بولدۇم، بىر تەرەپتىن دەرس ئېتىشاپ، يەنە بىر تەرەپتىن تىل تارىخىدا ئوقۇدۇم. 1949 ـ يىلى مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا ھەزرەت، ئەيسا ئەفەندىلەرنىڭ تەكلىپى بىلەن ئۈرۈمچىگە چىقتىم، مەخسىدىمىز، پارتىيە قۇرۇش ئىدى. ئاردا پارتىيە تەشكىلى نىزاملىرى، يۈكسەك مىللىي مۇختارىيات پۇرگراممىلىرىنى تۈزۈش ئىشىغا قاتناشتىم، كېيىن ئالتاي

نەشرىياتى خىزمىتىگە كىرىپ، ئەيسا ئەفەندىمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرلىقىنى قىلدىم. شۇ يىلى 9 ـ ئايدا ھىندىستان سەپىرىگە چىقتۇق. 12 ـ ئايدا ئەفەندىملەردىن ئايرىلىپ، 13 كىشى قايتتۇق. ئاقسۇغا كېلىشىم بىلەن، مىللىي ئارمىيە تەرەپتىن قولغا ئېلىندىم. 50 ـ يىلى قەشقەرگە كەلتۈرۈلدۈم، سوراق 6 ئاي داۋام قىلدى. ئۆتكۈر ئەپەندىم بىلەن ئىككىمىزنى تۈرۈمچىگە ئالدۇردى، قامىدى. سوراق جەريانىدا «پانئىسلامىزىمچى، پانتۈركىزىمچى، مىللەتچى» بولۇپ ئەيىپلەندۇق. ئاخىرىدا مۇددەتسىز قاماقتا ھۆكۈم قىلىندىم. 1953 ـ يىلى قانخور جاللات ۋاڭ جىن بىيجىڭگە چاقىرتىلدى، سىياسەتتە ئۆزگۈرۈش بولۇپ، مۇددەتسىز تۈرمە جازاسى، 5 يىللىق تۈرمە جازاسىغا ئۆزگەرتىلدى.

( 3 ) 1954 ـ يىلى جازا ۋاقتىم توشاي دېگەن ۋاقىتتا، مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا ھەزرەتلىنىڭ ئۇ زامانلاردا يېگانە بىر دانە بولغان ئەسەرى ـ « شەرقىي تۈركىستان تارىخى » نىڭ كەشمىر لىتوگىرافىيە نۇسخىسىنى ساقچى ئازارىتىنىڭ ئامبىرىدىن ئوغۇرلاپ چىقىپ كۆچۈرگەنلىكىم ئۈچۈن 15 يىللىق جازا بېرىلدى. بىر كىتاپنى يوشۇرۇن ئېلىپ چىقىپ كۆچۈرگەنلىككە 15 يىل جازا كەلدى. مانا بۇ ـ قىزىل خىتايدىكى ئىنسان ھەقلىرى. كېيىن داۋا ئېچىپ قارشى چىققانلىقىم ئۈچۈن، 3 يىل 2 ئاي تۈرمىدە ياتقاندىن كېيىن، ياتقىنىم جازا ھىساپلىنىپ، قالغان 11 يىل 10 ئاي قالدۇرۇلدى. قويۇپ بەرمەستىن تۈرۈمچى باجياخو 1 ـ تۈرمىدا ئازارەت ئاستىدا ئىشلەتتى، بۇ يەردە ئېغىر دەرىجىدە خورلىدى، بەزىدە ئېغىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەمگەكلەرگە سالدى، مەسىلەن: خىش زاۋۇتىدا خىش توشۇغىلى سالدى، ھەرقېتىمدا نورمال 30 دانە خىش يۆدەتتۇق.

( 4 ) 1964 ـ يىلى مىللەتچى، شائىر، ئەدىپ، ئالىم ئاتالغان بىر دوستۇمنىڭ خىيانىتى ۋە پاش قىلىشى بىلەن، « خەمىد سۇلتان تەشكىلاتى » پاش قىلىنىپ، خەمىد سۇلتان 18 يىل، ھاكىم مۇسا 15 يىل، تۇردىيۇف 12 يىل قاماق جازاسىغا ھۆكۈم قىلىندى. مەن ھاجى ياقۇپ ئىككىنچى قېتىم مۇددەتسىز تارىم لاگېرىغا ئەۋەتىلدىم. 13 يىل بولغاندا سىياسەتتە ئۆزگۈرۈش بولۇپ ئازات قىلىندىم.

ۋەتەندە « قۇتادغۇ بىلىك » نى نەشر قىلىش ئىشى باشلانغاندا، مېنى تارىمدىن ئۈرۈمچىگە چاقىرتتى. كېيىن شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل فاكۇلتېتىغا ئورۇنلاشتىم.

( 5 ) ئۇنىۋېرسىتېتتا ئىشلەۋاتقان ۋاقتىمدا، 1980 ـ يىلى ياز ئايلىرىدا خوتەن، قەشقەر ۋە ئاقسۇلاردا، كېيىن ئۇنىۋېرسىتېتتە تارىخى ماۋزۇلاردا كونفىرانس بەرگەن ئىدىم. « كونفىرانسلاردا مىللەتچىلىك زەھرىنى تارقاتتى...» دەپ ئەيىپلەشتى ۋە بىر گورۇپپا تەشكىللەپ، مېنى سوراققا تارتىشتى، يەنىلا ئەسكى خامان ـ « ئىسلامچىلىق، تۈركچىلىك، مىللەتچىلىك... قىلدىڭ » دەپ ئەيىپلىدى.

6. يۇقۇرىدا تىلغا ئېلىنغان مەنىۋى بۇلغىنىش ھەرىكىتى دەۋرىدە، ئۇنىۋېرسىتېت بويىچە مەن ۋە ئامانۇللا ئىككى كىشى بۇ ھەركەتنىڭ ئوبيېكتى بولغان ئىدۇق. 1983 ـ يىلى ھۆكۈمەت ۋە پارتىيىنىڭ 1 ـ نومۇرلۇق ھۆججىتى ـ مەن توغرۇلۇق چىقارغان ئەيىپلەش ھۆججىتى ئىدى. ئۈچ ـ تۆت ئاي داۋام

قىلغان ھەركەت بىردىنلا توختىدى. بۇنىڭ سەۋەبى، بېيجىڭدىكى ئىلىم ئادەملىرى قارشى چىققان ئىكەن.

( 7 ) 1985 ـ يىلى 9 ـ دېكابىردا « شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى » ئوقۇغۇچىلىرى باشلامچىلىقىدا شەرقىي تۈركىستاندىكى ئوقۇغۇچىلارنىڭ تۇنجى نامايىشى بولدى، نامايىشتىن كېيىن، ھۆكۈمەتنىڭ مۇناسىبەتلىك ئورۇنلىرى ئۇزۇنغىچە مىنى ئاۋارە قىلدى. نەردە بىر نامايىش، ھۆكۈمەتكە قارشى بىرەر ھەركەت بولسىلا، نوقتۇلۇق گۇمان قىلغۇچىلارنىڭ بىرى بولۇپ قالغان ئىدىم. گەپنىڭ قىسقىسى، « گۇمانلىق، خەتەرلىك ئادەم » تامغىسى پىشانەمگە ئۇرۇلغان ئىدى.

( 8 ) قەشقەر، ئاقسۇ، غۇلجىلارغا بارسام، ئارقامغا جاسۇسلارنى سېلىپ نازارەت قىلىپ تۇردى. چاندۇرۇپ قويغانلىقتىن بىلىپ قالدى.

( 9 ) 1995 ـ يىلدىن باشلاپ شەرقىي تۈركىستاندا بولۇۋاتقان ناھەقچىلىقلار، ئىشسىزلىقلار، سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، دىن... ۋە باشقا ساھەلەردىكى ئېزىشلار تۈپەيلىدىن، سەۋرى ـ تاقىتى چېكىگە يەتكەن مىللەتچى ياشلار، ئىنقىلاپچىلار تەرەپ ـ تەرەپتە ۋەقەلەر، ئىسيانلار چىقىرىپ، مۇستەملىكچى خىتايلارغا قارشى كۆرەشلەرنى قىزىتىۋەتتى. بۇ پەيتتە ماڭا نىسبەتەنمۇ نازارەت كۈچەيتىلدى، قانداقتۇر بىر خەۋپ مېنى كۈتۈۋاتقاندەك ھېس قىلدىم. بۇ ئەھۋالنى سەزگەن بەزى دوستلارمۇ ، « ياش ۋاختىڭدا تۈرمە دەردىنى جىق تارتتىڭ، ئەمدى قېرىدىڭ، تۈرمىگە كىرىپ قالساڭ بەرداشلىق بېرەلمەيسەن، بۇندىن كۆرە مۇھاجىرەتتە ياشىغىنىڭ ئوبدان بولارمىكىن ... » دەپ مەسلىھەت بېرىشتى. شۇنىڭ بىلەن مەن،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



1996 ـ يىلى ئىيوندا ئوتتۇرا ئاسىيا جۇمھۇرىيەتلىرىدىن بىر پاسپورت ھەل قىلىپ، بىيجىڭ ھاۋا يولى ئارقىلىق تۈركىيەگە كەلدىم. ھازىر تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى تارىخ تەتقىقات ئورنىدا ئىشلەۋاتىمەن. قەلەم بىلەن مىللىي مۇجادىلىنى داۋام قىلدۇرىۋاتىمەن.

31 يىللىق تۈرمە ۋە لاگىر ھاياتىمدا ئىنسان ھەقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىشىغا ئائىت جىق ئىشلارنى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم ۋە بېشىمدىن كەچۈردۈم. بۇلارنى سۆزلەشكە ئايلارچە ۋاقىت كېرەك، يېزىلىدىغان بولسا توم ـ توم كىتاب بولىدۇ.

## خۇلاسە:

ئىنسان ھەقلىرى ۋە دېموكراتىيە ـ شەرقىي تۈركىستاندا ئېغىر دەپسەندە قىلىنىۋاتىدۇ، بۇ مەسىلىنى دۇنياغا ئاڭلىتىش، ئىنسان ھەقلىرىنىڭ قوغۇچىلىرى بولغان ئامېرىكا باشچىلىقىدىكى غەرپ مەملىكەتلىرى خەلقىگە يەتكۈزمەك، ئاڭلاتماق لازىم. قولۇمىزدىكى ئىنتېرنەت، « بىرلىك » مەجمۇئەسى، « شەرقىي تۈركىستان ئاۋازى »، «كۆك بايراق » مەجمۇئەلىرى ۋە « ئۇچقۇن » گېزىتلىرىنىڭ مەزمۇنىنى كۈچەيتىپ، سۈپىتىنى ياخشىلاپ، ئىستىقلال داۋاسى يولىمىزدىكى تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ، دۇنياغا مەقسىدىمىزنى چۈشەندۈرۈشىمىز، ئۇلارنىڭ خەيرى ـ خاھىشنى، ئەمىلى ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز زۆرۈر ۋە شەرت.

غەرپ مەملىكەتلىرىمۇ شەرقىي تۈركىستاندا مۇستەملىكە ھاياتى كەچۈرۈۋاتقان، ئىنسان ھەقلىرىدىن مەھرۇم قىلىنغان ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز، ئۆزبەك، تاتار، تاجىك، مۇڭغۇل...

قاتارلىق مىللەت خەلقلىرىنىڭ ئىنسان ھەقلىرىدىن بەھرىمان بولۇپ ئىنسانچە ياشاشلىرىغا ياردەم قىلىشلىرىنى، بۇ خەلقلەرنىڭ مىللىي ئىستىقلالىغا ئەمەلىي ياردەم بېرىشلىرىنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم.

مۇھاجىرەت ھاياتى كەچۈرىۋاتقان ۋەتەنداشلىرىمىز تېخىمۇ ئىتتىپاق بولۇپ، ئۆزى ياشاۋاتقان دۆلەتتىكى شارائىت ھەم ۋەزىيەتكە ماسلىشىپ، مىللىي ئىستىقلال كۆرشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىشلىرى، دوگماتىك كۆرەش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىپ، تارىخىمىزغا يېڭىدىن توغرا باھا بېرىپ، يېڭى تارىخى شارائىتقا، يېڭىچە كۆرەش ئۇسۇلى بىلەن ئاتلىنىشىمىز كېرەك!

ئىستىقلال مۇجادىلىمىز غەلبە قازانسۇن!

جانابىي ھەق مەخسىدىمىزگە يەتكۈزسۇن!

ئۇلۇقلىرىمىزنىڭ كۆرشىنى داۋام قىلدۇرايلى!

ياشىسۇن شەرقىي تۈركىستان ئىستىقلالى!

ئىستىقلال مۇجادىلىسى قىلىۋاتقان پۈتۈن مۇجاھىدلار ئامان بولسۇن!

1999 ـ يىلى 10ـ 11 ـ كۈنى ( گېرمانىيە ـ مىيونخىن )

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



# ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتناشقان بىرقىسىم ئاساسلىق شەرقىي تۈركىستانلىق ۋەكىللەرنىڭ تىزىملىكى:

بۇقېتىمقى خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا، 10 دۆلەتتىن 2 ـ نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىش ئۈچۈن كەلگەن ۋەكىللىرىمىزنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ئىشتىراك قىلدى، ئۇلارنىڭ ئاساسلىق بىرقىسمى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

تۈركىيەدىن: گېنىرال مۇھەممەت رىزا بېكىن، هاجى ياقۇپ ئانات، دوسسېنت. دوكتۇر سۇلتان ماخمۇت قەشقەرلى، ئابلىكىم باقى، سەيپۇللا پامىر، هامۇتخان كۆكتۈرۈك، ئەركىن ئەكرەم، ئابدۇرېشىت ئابدۇلھەمىت، ئىسمايىل چىڭگىز، ئەركىن تارىم... ؛

سەئۇدى ئەرەبىستاندىن: هۈسەيىن قارى ئىسلامى؛

قازاقىستاندىن: دىلبىرىم ساماساقوۋا، قەھرىمان غوجامبەردى، سابىت ئابدۇراخمان، گۈلنۇر جالانوۋا؛

قىرغىزىستاندىن : تۇرسۇن ئىسلام؛ كەشپۇللا ( لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ ئىنىسى )؛

ئامېرىكىدىن: غۇلامىددىن ئەخمەت پاختا؛

ئۆزبېكىستاندىن: سىيىتجان قەيسەر؛

ئاۋۇستىرالىيەدىن: ئەخمەت ئىگەمبەردى؛

شۋېتسىيەدىن : فارۇق سادىق، رەھىم؛

شۋېتسارىيەدىن: ئەنىۋەر راخمان، كېرەم شېرىپ؛

گىرمانىيەدىن: ئەنۋەرجان، ئابدۇجېلىل قاراقاش، ئەسقەرجان، پەرھات مۇھەممەدى، دولقۇن ئەيسا، ئابلىكىم خوتەن ... قاتارلىقلار.

www.uyghurkitap.com



# مۇھاكىمە يىغىنىدىكى بەس ـ مۇنازىرىلەر

بۇقېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا، ھەربىر دۆلەتلەردىن كەلگەن ۋەكىللەر، « خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى » ۋە « دۇنيا خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتى » نىڭ رەھبەرلىرى، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن شەرقىي تۈركىستان ۋەكىللىرىنىڭ تۈرلۈك مەزمۇنلاردا سورىغان سوئاللىرىغا بىر ـ بىرلەپ ئەستايىدىللىق بىلەن جاۋاپ بېرىپ ئۆتتى.

ئالدى بىلەن « ئاۋۇستىرالىيە شەرقىي تۈركىستان جەمىيتى » نىڭ رەئىسى ئەخمەت ئىگەمبەردى ئەپەندى يىغىن رىياسەتچىسىدىن سوئال سوراش ھەققى ئېلىپ، بۇقېتىمقى يىغىنغا قاتناشقان « خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى » نىڭ رەھبىرىگە خىتابەن مۇنداق دىدى: « مېنىڭ بۇيەردىكى خەلقئار كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ مەسئۇللىرىدىن بىرنەرسىنى ئۇققۇم كېلىدۇ، نۆۋەتتە كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيتىنىڭ بىزگە قاراتقان ئەڭ ئېغىر سىياسەتلىرىنىڭ بىرى ـ قىرىپ يوقۇتۇش يوقۇتۇش سىياسىتى بولۇۋاتىدۇ. ھازىر بىزنىڭ ئىگەللىشىمىزچە، شەرقىي تۈركىستاندا كۈنىگە مىڭدىن ئوشۇق بوۋاق ئۆلتۈرۈلۈۋاتىدۇ، يەنى، 80 ـ يىللارنىڭ بېشىدىن باشلانغان تۇغۇتنى قاتتىق چەكلەش سىياسىتى تۈپەيلىدىن، مىليونلىغان باللىرىمىز ۋە خانىملىرىمىز پاجىئەلىك ھالدا ئۆلتۈرۈلدى، مېنىڭچە، نۆۋەتتىكى ئەڭ جىددى مەسىلە مۇشۇ! خەلقئارا

كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ مۇشۇ مەسىلە ھەققىدە ئەتىراپلىق بىر مەلۇماتى بارمىكىن ؟ يەنە بىر مەسىلە، مەن يىراق ئاۋۇستىرالىيەدىن كەلدىم، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە 92 بەتلىك ناھايىتى مۇكەممەل بىر دوكلاتنى دۇنياغا ئېلان قىلدى، مەن مۇشۇ مۇناسىۋەت بىلەن، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ بۇيەردە ئولتۇرغان ۋەكىللىرىگە ناھايىتى زور تەشەككۈرۈمنى ئىزھار قىلىمەن ۋە ئۇلاردىن بۇھەقتە يەنىمۇ ئىزچىللىق كۆرسۈتىشىنى ئۈمىت قىلىمەن ».

خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ ۋەكىلى دىرىك پىلايىتەر ئەپەندى ، ئەخمەت ئىگەمبەردىنىڭ بۇسوئالىغا جاۋابەن مۇنداق دىدى: « بىز شەرقىي تۈركىستاندىكى پىلاتلىق تۇغۇت مەسىلىسىدە ئەتىراپلىق تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتىمىز، شەرقىي تۈركىستاندا ئۇيغۇر ئانىلارنىڭ قورسىقىدىكى نارسىدە بالىلارنىڭ ۋەھشىيلەرچە ئوپىراتسىيە قىلىنىپ ئېلىۋېتىلىۋاتقانلىقىدىن، دورا بىلەن چۈشۈرۈلۈۋاتقانلىقىدىن خەۋىرىمىز بار ۋە بۇھەقتە يەنىمۇ دەلىل ـ ئىسپاتلىق ماتىريال توپلاشقا تىرىشىۋاتىمىز ».

ئامېرىكىدىكى « ئامېرىكا ئۇيغۇرلىرى بىرلىكى » نىڭ رەئىسى غۇلامىدىن ئەخمەت پاختا ئەپەندىمۇ خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ مەسئۇللىرىغا خىتابەن سۆز قىلىپ مۇنداق دىدى:

« ئالدى بىلەن مەن خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ ئۇيغۇرلار ھەققىدە چىقارغان 92 بەتلىك دوكلاتىغا چىن قەلبىمدىن تەشەككۈرۈمنى بىلدۈرىمەن. مەن شۇ مەسىلىنى ئوتتۇرىغا قويماقچىمەنكى، 1949 ـ يىلى كوممۇنىست خىتاي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھاكىمىيىتى شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلىشتىن بۇرۇن، شەرقىي تۈركىستاندىكى خىتايلارنىڭ ئومۇمىي سانى بىزنىڭ ستىتىستىكىلىرىمىزغا ئاساسلانغاندا 650 مىڭدىن ئاشمايتتى، يەنى، ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 3.7 پىرسەنتىنى ئىگەللەيتتى، ھازىر خىتايلارنىڭ سانى ئومۇمىي نوپۇسنىڭ 52 پىرسەنتىنى ئىگەللىمەكتە. بىزنىڭ ئىگەللىشىمىزچە، خىتاي ھۆكۈمىتى ھەركۈنى 22 مىڭدىن 28 مىڭغا قەدەر خىتاي كۆچمىنىنى پويىزبىلەن شەرقىي تۈركىستانغا يۆتكەپ كېلىپ يەرلەشتۈرۈۋاتىدۇ. بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ قانۇنىغا ئاساسلانغاندا، ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ ئۆزىگە تېگىشلىك بولمىغان يەرلەردىكى خەلقلەرنى ئازسانلىق ھالغا چۈشۈرۈش مەقسىدىدە، بۇيەرلەرگە كۆچمەن كۆتكەپ كېلىش ئەڭ ئېغىر جىنايەت، دەپ بەلگىلەنگەن. مانا شۇنىڭغا كۆرە، خىتايلار بىزنىڭ يۇرتىمىزدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ سانىنى تۇغۇت چەكلەش، خانىملىرىمىزنى مەجبۇرى ھالدا تۇغۇت چەكلەش ئوپېراتسىيەسى قىلدۇرۇش، ئاتوم سىناق قىلىش ئارقىلىق خەلقىمىزنى رادىئاكتىپ نۇرنىڭ تەسىرى بىلەن زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈش قاتارلىق ۋاستىلار ئارقىلىق، بىزنىڭ سانىمىزنى ئازايتىپلا قالماي، بەلكى خەلقىمىزنى دۇنيادىكى ئەڭ ئۆمرى قىسقا مىللەتلەر قاتارىغا چۈشۈرۈپ قويىدى. خىتايلارنىڭ يۇرتىمىزغا كۆپلەپ خىتاي كۆچمەنلىرىنى كەلتۈرۈشى، يالغۇزلا بىزنىڭ نەسلىمىزنى قۇرۇتۇپ تاشلىماستىن، ئۆز يۇرتىمىزدا بىزنى ئازسانلىق ھالغا چۈشۈرۈپ قويدى، بۇمۇ بىزئۈچۈن ئەڭ ئېغىر خەۋپلەرنىڭ بىرى بولىۋاتىدۇ. مەن بۇمەسىلىنى خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ دىققىتىگە قايتا سۇنماقچىمەن .

خەلقئارا كەچۇرۇم تەشكىلاتىنىڭ ۋەكىلى دىرىك پىلەيتېر ئەپەندى، ئۆزلىرىنىڭ بۇمەسىلىگە يېقىندىن دىققەت قىلىۋاتقانلىقىنى ۋە خەلقئارا كەچۇرۇم تەشكىلاتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە ھازىرلىغان 92 بەتلىك دوكلاتىدىمۇ يۇقارقى مەسىلىنىڭ ئالاھىدە تەكىتلەنگەنلىكىنى بايان قىلدى.

قىرغىزىستاندىكى « بېشكەك شەھەرلىك ئىنسان ھەقلىرى كومۇتېتى » نىڭ مەسئۇلى تۇرسۇن ئىسلاممۇ يىغىن رىياسەتچىسىدىن قىسقىچە سۆز ھەققى ئېلىپ مۇنداق دېدى:

« خەلقئارا كەچۇرۇم تەشكىلاتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە ئېلان قىلغان 92 بەتلىك دوكتى بىزئۇچۇن ئىنتايىن زور بىر مۇۋاپىقيەت بولۇپ، ئۇيغۇر خەلقى سىزلەرگە ئالاھىدە تەشەككۇر ئېيتىدۇ. مەن ئوتتۇرا ئاسىيادىكى ئۇيغۇرلارغا ۋاكالىتەن، خەلقئارا كەچۇرۇم تەشكىلاتىغا ۋە دۇنيا خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتىغا ئالاھىدە رەخمەت ئېيتىمەن. مېنىڭ مۇنداق بىر تەكلىۋىم بار، خىتاي ھۆكۈمىتى ئۇيغۇرلارنىڭ ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەرىكەتلىرىنى خەلقئارادا، « تېرورىزىم » دەپ قارىلاپ كېلىۋاتىدۇ، ئەمىلىيەتتە بولسا خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ ئۆزى ئۇيغۇر خەلقىغە قارىتا دۆلەت تېرورىزىم سىياستىنى يۈرگۈزۈپ كېلىۋاتىدۇ، مېنىڭ دەيدىغىنىم، خەلقئارا كەچۇرۇم تەشكىلاتىنىڭ خىزمەت پۇروگراممىسىغا بۇمەسىلە كىرگۈزۈلگەنمىدۇ؟ مېنىڭچە، خەلقئارا كەچۇرۇم تەشكىلاتى بۇنىڭدىن كېيىن دۇنيا جامائەتچىلىكى ئالدىدا خىتاينىڭ مۇشۇ دۆلەت تېرورىزىم سىياستىنى پاش قىلىشقا يەنىمۇ ئەھمىيەت بەرگەن بولسا، بولۇپمۇ ياۋروپا پارلامېنتىغا بۇمەسىلىنى كۆپرەك ئىزاھلىسىكەن، دېگەن پىكىردىمەن ».

www.uyghurkitap.com



تۈركىيەلىك پىراپپىسور مەمەت سارايمۇ يىغىن رىياسەتچىسىدىن سوئال ھەققى لېلىپ مۇنداق دىدى:

« مەن ئالدى بىلەن بۇيىغىندىكى خەلقئارالىق تەشكىلاتلارغا ۋە گىرمان دوستلارغا بۇئەھمىيەتلىك يىغىنىنى تەشكىللىگىنى ئۈچۈن مىننەتدارلىقىمنى ئىزھار قىلىمەن! مەن شەرقىي تۈركىستان تارىخىنى يازغان بىرئوقۇتقۇچى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى مەسئۇللىرىغا شۇسوئالنى قويماقچىمەنكى، بايا خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ ۋەكىلى ئاندىرىياس سىلمىچې ئەپەندى ئۆزدوكلاتىدا خىتايلارنىڭ شەرقىي تۈركىستاندا مىڭلىغان فابرىكىلارنى قۇرۇپ، بۇفابرىكىلاردا ئىشلىتىش ئۈچۈن ئىچكىرىدىن خىتاي كۆچمەنلىرىنى يۆتكەپ ئەكەلگەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتتى، خىتايلارنىڭ ئىزاھلىشىچە، بۇلار تەربىيە كۆرگەن خادىملارمىش! ئۇنداقتا خىتاي ھۆكۈمىتى شەرقىي تۈركىستاندىكى ئۇيغۇرلارنى نىمە ئۈچۈن تەربىيىلىمىدى؟ يەنەبىرى، مىنىڭ ھىس قىلىشىمچە، بەزى خەلقئارالىق تەشكىلاتلار سىياسەتنىڭ تەسىر كۆرسۈتىشىگە ئۇچىراپ كېلىۋاتىدۇ، قىزىق يېرى شۇكى، شەرقىي تۈركىستاننىڭ مول تەبىئى بايلىقلىرى دۇنياغا تونۇلۇشقا باشلىغاندىن كېيىن، غەرىپ دۆلەتلىرىدىمۇ شەرقىي تۈركىستانغا نىسبەتەن قىزىقىش پەيدا بولۇشقا باشلىدى. دۇنيا مەدىنىيىتىگە شۇنچە كۆپ تۆھپىلەرنى قوشقان ئۇيغۇر خەلقىنىڭ دۇنياغا ئۆزىنىڭ پارلاق مەدىنىيىتى ۋە شانلىق تارىخى بىلەن تونۇلماي، ئەكسىچە تەبىئى بايلىقلىرى بىلەن تونۇلۇشى، بىرئازغەلىتىلىك ۋە ئادالەتسىزلىك ئەمەسمۇ؟ بۇھەقتە سىزلەرنىڭ قارىشىڭىزلارنى ئالماقچىمەن ».

يۇقارقىلاردىن باشقا يەنە كۆپلىگەن ۋەكىللەر يىغىندىكى خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ مەسئۇللىرىغا خىتابەن ئىنتايىن قىممەتلىك سوئال ۋە تەكلىپ ـ پىكىرلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدى. خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ ۋەكىللىرىمۇ ئۇلارنىڭ بۇسوئال ۋە تەكلىپ ـ پىكىرلىرىگە ئەستايىدىل ۋە قايىل قىلارلىق ھالدا جاۋاپ بەردى ھەم بۇ تەكلىپ ـ پىكىرلەرگە ئەستايىدىللىق بىلەن مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى بايان قىلىشتى.

www.uyghurkitap.com



# تاشقى دۇنيادا مۇجادىلە تارىخىمىزدىكى تۇنجى يېڭىلىق

بۇقېتىم چاقىرىلغان خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا، ۋەتەن سىرتىدىكى 50 يىللىق مىللىي مۇجادىلە تارىخىمىزدا ھېچقاچانكۆرۈلۈپ باقمىغان بىرمۆجىزە بارلىققا كەلدى. بۇقېتىمقى يىغىندا تۇنجى قېتىم بارلىق دوكلات ۋە نۇتۇقلارنىڭ گېرمانچە، ئۇيغۇرچە ۋە تۈركچە 3 خىل تىلدىكى تەرجىمىسى ئېلېكترونلۇق زامانىۋى قۇلاق تىڭشىغۇچ ئارقىلىق بارلىق ۋەكىللەرگە جانلىق ھالدا يەتكۈزۈلدى. بۇقېتىمقى يىغىننىڭ بارلىق تەرجىمە ئىشلىرىنى، « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ قۇرغۇچىلىرىنىڭ بىرى بولغان ئەنۋەرجان بىلەن، قازاقىستاندىن كېلىپ گېرمانىيەدە ئوقۇۋاتقان ئۇيغۇرقىز ـ ھۆرنىسالار تولۇق ئۆزئۈستىگە ئالدى ۋە يىغىننىڭ تەرجىمە ئىشلىرىنى مۇۋاپىقىيەتلىك ھالدا تاماملاپ، بارلىق يىغىن قاتناشقۇچىلىرىنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى. يىغىننىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىنىڭ ئېلېكترونلۇق قۇلاق تىڭڭشىغۇچ ئارقىلىق تەرجىمە قىلىنىپ يەتكۈزۈلۈشى بىلەن، يىغىننىڭ ئومۇمى كەيپىياتى جانلىق شەكىلدە ئۆتۈپلا قالماي، بەلكى، ئىنتايىن كۆپ قىممەتلىك ۋاقىت تېجەپ قېلىندى.

# دېموكراتىك خىتاي ۋەكىللىرىنىڭ بۇقېتىمقى يىغىنغا بولغان قىزىقىشى

بۇقېتىمقى ئىلمى مۇھاكىمە يىغىنىغا، گېرمانىيەدە پائالىيەت قىلىۋاتقان خىتاي دېموكراتىك تەشكىلاتلىرى ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. يىغىنغا، « خىتاي دېموكراتىك مىللى بىرلىك سېپى » گېرمانىيە شۆبىسىنىڭ مەسئۇلى شۈخەيتاۋ باشچىلىقىدىكى 10 دىن ئارتۇق خىتاي دېموكراتلىرى ئىشتىراك قىلدى. ئۇلار پۈتۈن يىغىن جەريانىدا، چەتئەللىك مۇتەخەسسلەرنىڭ ۋە شەرقىي تۈركىستانلىق ۋەكىللەرنىڭ، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىغە قارىتا يۈرگۈزىۋاتقان فاشىستىك سىياسەتلىرىنى ۋە قىرغىنچىلىق ھەرىكەتلىرىنى پاش قىلىپ بەرگەن دوكلاتلىرىنى سۈكۈت ئىچىدە دىققەت بىلەن تىڭشىدى. يىغىن ئارىلىقىدىكى دەم ئېلىش ۋاقتىدا خىتاي دېموكراتلىرى، شەرقىي تۈركىستان ۋەكىللىرى ئىچىدىكى خىتايچە بىلىدىغان بەزى ۋەكىللىرىمىز بىلەن، خىتاي ۋە شەرقىي تۈركىستانىنىڭ نۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ھەققىدە كەڭ كۆلەمدە سۆھبەتلىشىپ، ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇردى. ئەمما پۈتۈن يىغىن جەريانىدا بىرمۇ خىتاي دېموكراتى ئوتتۇرىغا چىقىپ پوزىتسىيە بىلدۈرمىدى.

# ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدا رەسىم كۆرگەزمىسى ئۆتكۈزۈلدى

بۇ قېتىمقى ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى ئۆتكۈزۈلگەن زالغا، بىرقانچە يىلدىن بۇيان گېرمانىيىدە ئىستىقامەت قىلىپ تۇرىۋاتقان ۋەتەنپەرۋەر رەسسام مەرۋايىت ھاپىزنىڭ، شەرقىي تۈركىستاننىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى ۋە ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوبرازى جانلىق ھالدا ئەكس ئەتتۈرۈلگەن 10 پارچىغا يېقىن ماي بوياق رەسىمى كۆرگەزمە قىلىپ قويۇلدى. ئىنتايىن يۇقىرى ماھارەتتە سىزىلغان بۇ ماي بوياق رەسىملەر، يىغىن ئەھلىنىڭ ئالاھىدە دىققەت ـ ئېتىۋارىنى قوزغىدى.

# « 2 ـ نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » گېرمانىيەدە غەلىبىلىك ئۆتكۈزۈلدى

مىللىي قۇرۇلتاينىڭ مەركىزى ـ گېرمانىيەنىڭ مىيونخېن شەھرى قىلىپ قارارلاشتۇرۇلدى

مىللىي قۇرۇلتاي ـ ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى بارلىق شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) خەلقىنىڭ خەلقئارادىكى بىردىن ـ بىر تولۇق ھوقوقلۇق ئالىي ئورگىنى بولۇپ، ئۇ، ۋەتەن سىرتىدىكى بارلىق شەرقىي تۈركىستا ( ئۇيغۇرىستان ) تەشكىلاتلىرىغا سىياسى جەھەتتىن رەھبەرلىك ۋە يېتەكچىلىك قىلىدۇ

1999 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى گېرمانىيەنىڭ مىيونخېن شەھرىدە رەسمى ئېچىلىشقا باشلانغان « 2 ـ نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » ئۆزىنىڭ كۈنتەرتىبىدە بېكىتىلگەن بارلىق پۇروگراممىلىرىنى تولۇق ئورۇنداپ، 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى مۇۋاپىقىيەتلىك ھالدا ئاخىرلاشتى. توپ ـ توغرا 5 كۈن داۋام قىلغان بۇقېتىمقى تارىخىي قۇرۇلتاي، باشتىن ـ ئاخىر دوستلۇق، ئىتتىپاقلىق، بىرلىك ۋە ئىناقلىق ئىچىدە ئۆتتى.

قۇرۇلتاي رەسمى باشلىنىشتىن بىركۈن بۇرۇن، « شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى » ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى

www.uyghurkitap.com



تەييارلىق يىغىنى چاقىردى، بۇيىغىندا، « شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى » نى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇنى، « شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى » دەپ ئاتاش ۋە 1992 ـ يىلى تۈركىيەدە چ[illegible]ان 1 ـ نۆۋەتلىك « خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ روھىنى ياشنىتىش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ئۈچۈن، بۇقېتىم چاقىرىلىدىغان مىللىي قۇرۇلتاينى 2 ـ نۆۋەتلىك مىللىي قۇرۇلتاي قىلىپ چاقىرىش ھەققىدە ئورتاق قارار ئالدى ۋە شۇكۈنى « شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى » نىڭ پۈتۈن رەھبەرلىك ھەيئىتى ئورتاق ھالدا ئىستىپا قىلدى.

بۇقېتىمقى مىللىي قۇرۇلتاي جەريانىدا دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى ۋەتەن ـ مىللەتكە بولغان يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن، ئۆزلىرىنىڭ تاشقى دۇنيادا ئىلىپ بېرىلىۋاتقان ۋەتەن داۋاسىغا ئائىت تۆرلۈك قاراشلىرىنى، پىلان ـ پىروگراممىلىرىنى دېموكراتىك ۋە ئەركىن ـ ئازادە ھالدا ئەتراپلىق ئوتتۇرىغا قويۇپ، مىللىي داۋايىمىزنىڭ كەلگۈسى ستراتېگىيەلىرىنى كوللىكتىپ ھالدا ئەستايىدىللىق بىلەن مۇزاكىرە قىلىشتى.

بۇقېتىمقى قۇرۇلتايغا، ئامېرىكا، ئاۋۇستىرالىيە، تۈركىيە، سەئۇدى ئەرەبىستان، گېرمانىيە، شۋېتسىيە، شۋېتسارىيە، قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان قاتارلىق 10 دۆلەتتىن 15 تەشكىلاتقا ۋاكالىتەن 28 نەپەر رەسمىي ۋەكىل ۋە 50 كە يېقىن مېھمان كېلىپ قاتناشتى.

مىللىي قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ئەتىگەن سائەت 9 دا گېرمانىيەنىڭ ميونخىن

شەھىرىدىكى ئاستىرون مېھمانخانىسىنىڭ يىغىن زالىدا باشلاندى. شۇكۈنى مىيونخېن شەھىرىنىڭ مەركىزىدىكى ئاستىرون مېھمانخانىسىنىڭ ئالدى شەرقىي تۈركىستانىنىڭ ئاي ـ يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقى بىلەن بېزەلدى ۋە مېھمانخانىنىڭ ئىشىگىنىڭ ئۈستىگە گېرمان « شەرقىي تۈركىستان مىللى قۇرۇلتىيى » دىگەن خەت چۈشۈرۈلگەن كۆركەملىك چوڭ لوزۇنكا ئېسىلدى.

بۇقېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا، « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ رەئىسى ئەسقەرجان بىلەن « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا بىرلىكتە رىياسەتچىلىك قىلدى.

يىغىنىنىڭ كۈنتەرتىپىگە ئاساسەن، يىغىندا ئالدى بىلەن، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتى شەرقىي تۈركىستانىنى ئىشغال قىلغان 50 يىلدىن بۇيان، ۋەتىنىمىزنىڭ ئازاتلىقىنى، خەلقىمىزنىڭ ھۆرلۈكىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە مۇقەددەس ئىسلام دىنىمىزنىڭ شان ـ شەرىپىنى قوغداش ئۈچۈن باتۇرلارچە كۈرەش قىلىپ قىممەتلىك ھاياتىنى تەقدىم قىلغان ۋە كوممۇنىست خىتاينىڭ دەھشەتلىك زۇلمى تۈپەيلىدىن ھاياتىدىن ئايرىلغان ۋەتەندىكى مىليونلىغان شېھىتلىرىمىزنىڭ روھىغا ئاتاپ مەخسۇس قۇرئانى كەرىم ئوقۇلدى، ئارقىدىن بارلىق ۋەكىللەر شېھىتلىرىمىزغا ھۆرمەت بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن بىرمىنۇت سۈكۈتتە تۇردى. قۇرئانى كەرىم ئوقۇش ۋە سۈكۈتتە تۇرۇش جەريانىدا كۆپلىگەن ۋەكىللىرىمىزنىڭ كۆزلىرى ئىسسىق ياشقا تولدى.

سۈكۈتتە تۇرۇش ئاخىرلاشقاندىن كېيىن، يىغىن رىياسەتچىسى دولقۇن ئەيسا، بۇقېتىمقى قۇرۇلتايغا قاتنىشىش ئۈچۈن

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنى، مەشھۇر جامائەت ئەرباپلىرىمىزنى ۋە چەتئەللىك مېھمانلارنى بىر ـ بىرلەپ تەپسىلىي تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى.

يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا كۆزەتكۈچى سۈپىتىدە قاتناشقان بىرقىسىم ئاساسلىق مېھمانلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

« خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى » گېرمانىيە بۆلۈمىنىڭ باشلىقى دېرىك پىلايتەر، « دۇنيا خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتى » نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دوكتۇر ئاندېرياس سېلمېچى، « دۇنيا خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتى » ئاسىيا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئولرىخ دېلىيۇس، دالاي لامانىڭ ياۋروپادا تۇرۇشلۇق سابىق ۋەكىلى گىيالسېن گىيالتاگ « ئىچكى موڭغۇلستان خەلق پارتىيىسى » نىڭ رەئىسى تەمسىلتۇ، « خىتاي دېموكراتىك مىللىي بىرلىك سېپى گېرمانىيە شۆبىسى » نىڭ مەسئۇلى شۇخەيتاۋ، « ياۋروپا ـ تۈرك ئىسلام بىرلىكى » نىڭ رەئىسى موسا سەردار چەلەبى »، تۈركىيەلىك مەشھۇر ئالىم پىراپېسسور ئابدۇقادىر دونۇك، مەشھۇر ئۆزبېك مۇتەپەككۇرى ۋە پايلاسوپى بايمىرزا ئەپەندى، تۈرك مۇتەپەككۇرى، سىياسىيونى ۋە قانۇنشۇناس مۇزەپپەر ئۆزداغ ئەپەندى، « ئامېرىكا ئەركىن ئاسىيا رادىيوسى » ئۇيغۇر بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى دولقۇنجان قەمبىرى، مەشھۇر ئوتيۆرك شائىر لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ بىرتۇققان ئىنىسى كەشپۇللا ئەپەندى،ئامېرىكىدىكى « بېيجىڭ باھارى » ژورنىلىنىڭ مەسئۇلى شۇۋبي ئەپەندى، گېرمانىيەلىك قانۇنچى ۋە ئادۋوكات ئالبېرت گوروك؛ بۇلاردىن باشقا يەنە، « دۇنيا

ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى ئىجرالىيە كومىتېتى » نىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسا، ياشلار قۇرۇلتىيى فوندا رەئىسى ئابلىكىم خوتەنلەرمۇ بۇقېتىمقى قۇرۇلتايغا ئالاھىدە كۆزەتكۈچى سۈپىتىدە قاتناشتى.

يىغىنغا رەسمى ۋەكىل سۈپىتىدە قاتناشقانلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

سابىق « شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى » نىڭ ۋە تۈركىيەدىكى « شەرقىي تۈركىستان ۋەخپى » نىڭ رەئىسى گېنىرال مۇھەممەت رىزا بېكىن، نۆۋەتتە تۈركىيەدە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان مەشھۇر ئۇيغۇر جامائەت ئەربابىمىز ۋە تارىخچىمىز ھاجى ياقۇپ ئانات، « ئامېرىكا ئۇيغۇرلىرى بىرلىكى » نىڭ رەئىسى غۇلامىددىن ئەخمەت پاختا، « ئاۋۇستىرالىيە شەرقىي تۈركىستان جەمىيتى » نىڭ رەئىسى ئەخمەت ئىگەمبەردى، سەئۇدى ئەرەبىستاندىكى مەشھۇر جامائەت ئەربابى ھۇسەيىن قارى ئىسلامى تۈركىستانى، تۈركىيەدىكى دوسسېنت. دوكتۇر سۇلتان ماخمۇت قەشقىرى، « قازاقىستان نوزۇگۇم فوندا جەمىيتى » نىڭ رەئىسى دىلبىرىم سامساقوۋا، مۇئاۋىن رەئىسى گۈلنۇر جالالوۋا، « قازاقىستان ئۇيغۇر ئىتتىپاقى » نىڭ رەئىسى قەھرىمان غۇجامبەردى، قازاقىستاندىكى « ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى » نىڭ رەئىسى سابىت ئابدۇراخمان، « بىشكەك شەھەرلىك ئىنسان ھەقلىرى كومۇتېتى » نىڭ رەئىسى تۇرسۇن ئىسلام، « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ رەئىسى ئابدۇجېلىل قاراقاش، « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ رەئىسى ئەسقەرجان، مەزكۇر تەشكىلاتنىڭ قۇرغۇچى ئەزاسى ئەنۋەرجان، باش كاتىۋى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



پەرھات مۇھەممەدى، تۈركىيەدىكى « شەرقىي تۈركىستان ھەمكارلىق جەمىيىتى » نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دوسسىبىنت ئابلىكىم باقى ئىلتەبىر، « شۋېتسىيە شەرقىي تۈركىستان جەمىيىتى » نىڭ رەئىسى فارۇق سادىق، تۈركىيەدىكى « ئوقۇغۇچى ياشلار بىرلىكى » نىڭ رەئىسى ئەركىن ئەكرەم ... قاتارلىقلار. ئۇلاردىن باشقا يەنە تۈركىيەدىن ھامۇتخان كۆكتۈرۈك، مۇرات ئاخۇنباي، ئەركىن ئەمەت، قادىر ئاھان، ئابدۇرىشىتلار، شۋېتسارىيەدىن ئەنۋەر راخمان، كېرەم شىرىپ، شۋېتسىيەدىن رەھىمجان، ئۆزبېكىستاندىن سىيتجان سىتىپشوپ، گېرمانىيەدىن مەرھابا ئىسمايىلوۋا قاتارلىقلارمۇ يىغىنغا رەسمىي ۋەكىل سۈپىتىدە قاتناشتى.

ئېچىلىش مۇراسىمىدا، قۇرۇلتايغا كەلگەن مېھمانلارنى تەقدىم قىلىش ئاياقلاشقاندىن كېيىن، سابىق « شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى » نىڭ ۋە « شەرقىي تۈركىستان ۋەخپى » نىڭ رەئىسى گېنېرال مۇھەممەت رىزابېكىن ئەپەندى تۇنجى بولۇپ مۇنبەرگە چىقىپ، 2 ـ نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيىنىڭ ئېچىلىش نۇتقىنى قىلدى. ئۇ ئالدى بىلەن، بۇقېتىمقى مىللىي قۇرۇلتاينىڭ تەييارلىق ئىشلىرىنى ۋە ساھىپخانلىقىنى ئۆز ئۈستىگە ئالغان « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى »، « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » ۋە « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » قاتارلىق 3 تەشكىلاتقا، شۇنداقلا بۇقېتىمقى يىغىننىڭ ئوڭۇشلۇق چاقىرىلىشى ئۈچۈن يېقىندىن ياردەم بەرگەن « دۇنيا خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتىغا ئالاھىدە رەخمەت ئېيتىدىغانلىقىنى بايان قىلىپ

ئۆتكەندىن كېيىن، بۇقېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىش سەۋەبى، مەقسىدى ۋە غايىسى ھەققىدە تەپسىلى چۈشەنچە بەردى ( مۇھەممەت رىزابېكىننىڭ ئېچىلىش نۇتقىنىڭ تولۇق تېكستى ئايرىم دىققىتىڭلارغا سۇنۇلدى ).

گېنېرال مۇھەممەت رىزابېكىندىن كېيىن، « شەرقىي تۈركىستان مىللى قۇرۇلتىيى تەييارلىق كومىتېتى » نىڭ رەئىسى ۋە « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ رەئىسى ئەسقەرجانمۇ مەخسۇس ئېچىلىش نۇتقى قىلىپ، بۇقېتىمقى مىللى قۇرۇلتاينىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرى، ئاساسى مەقسىدى، غايىسى ۋە ۋەزىپىلىرى ھەققىدە ئومومى يۈزلۈك ئىزاھات بەردى ( ئەسقەرجاننىڭ ئېچىلىش نۇتقىنىڭ تولۇق تېكستىنى ئايرىم دىققىتىڭلارغا سۇندۇق ).

ئەسقەرجاننىڭ ئېچىلىش نۇتقىدىن كېيىن، بارلىق ۋەكىللەر ، يېقىندا تۈركىيەدىكى يەر تەۋرەش ئاپىتىدە ھاياتىدىن ئايرىلغان تۈرك قېرىنداشلىرىمىز ئۈچۈن بىرمىنوت سۈكۈتتە تۇردى. ئارقىدىنلا ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ، شەخسلىرىمىزنىڭ ۋە بەزى چەتئەللىك دوستلارنىڭ مىللى قۇرۇلتىيىمىزنى مۇبارەكلەپ يازغان 20 پارچىدىن ئارتۇق تەبرىك خېتى ئوقۇپ ئۆتۈلدى. بۇ تەبرىك خەتلىرىنىڭ ھەممىسىدە دىگۈدەك، بۇقېتىم چاقىرىلغان 2 ـ ئۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللى قۇرۇلتىيىنىڭ مۇۋاپىقىيەتلىك ئۆتۈشىگە تىلەكداشلىق بىلدۈرۈلۈش بىلەن بىرگە، مىللى داۋايىمىزنىڭ ئۆۋەتتىكى ۋەزىيىتى ۋە كەلگۈسى ئىستىقبالى ھەققىدە ئىنتايىن قىممەتلىك ۋە ستىراتىگىيىلىك پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

تەبرىك خەتلىرى ئوقۇپ ئۆتۈلگەندىن كېيىن، يىغىنغا قاتناشقان چەتئەللىك دوستلار ۋە دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىن كەلگەن شەرقىي تۈركىستانلىق ۋەكىللەر ئارقا ـ ئارقىدىن سەھنىگە چىقىپ مەخسۇس سۆزقىلدى. يىغىننىڭ توپ ـ توغرا بىرگۈن داۋام قىلغان ئېچىلىش مۇراسىمى جەريانىدا، چەتئەللىك دوستلار ۋە شەرقىي تۈركىستانلىق ۋەكىللەردىن بولۇپ جەمئى 25 نەپەر كىشى مۇنبەرگە چىقىپ تەبرىك سۆزى قىلدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ئۆز نۇتۇقلىرىدا بۇقېتىمقى يىغىننىڭ مۇۋاپىقىيەتلىك ۋە نەتىجىلىك ئېچىلىشىغا تىلەكداشلىق بىلدۈرۈش بىلەن بىرگە، خىتاينىڭ ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى سىياسىي ۋەزىيىتى، شەرقىي تۈركىستاندىكى مىللىي كۈرەشلەرنىڭ تەرەققىيات ئەھۋالى، نۆۋەتتە تاشقى دۇنيادا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مىللىي داۋايىمىزدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ۋە ئۇنى ھەل قىلىشنىڭ چارە ـ تەدبىرلىرى ... قاتارلىق كۆپلىگەن ئەملى مەسىلەر ھەققىدە ئىنتايىن قىممەتلىك تەكلىپ ـ پىكىر ۋە قاراشلىرىنى ئوچۇق ـ يورۇقلۇق بىلەن ئوتتۇرىغا قويۇشتى.

يىغىن ئارىلىقىدا، « دۇنيا خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتى » ئاسىيا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئۇلرىخ دېلىيۇس، « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ ۋەكىلى ئەنۋەرجان ۋە 31 يىللىق ھاياتىنى خىتاينىڭ قاراڭغۇ زىندانلىرىدا ئۆتكۈزگەن مەشھۇر جامائەت ئەربابىمىز ھەم تارىخچىمىز ھاجى ياقۇپ قاتارلىقلار قۇرۇلتايغا ۋاكالىتەن مەخسۇس چەتئەل مۇخبىرلىرىنى كۈتىۋېلىش يىغىنى چاقىردى. مۇخبىرلارنى كۈتىۋېلىش يىغىنىغا، « گېرمانىيە ئاگېنتلىقى » نىڭ

مۇخبىرلىرى، گېرمانىيەنىڭ ئەڭ نوپۇزلۇق سىياسى گېزىتلىرىنىڭ بىرى بولغان « جەنوبى گېرمانىيە گېزىتى » نىڭ مۇخبىرلىرى، گېرمانىيەنىڭ بىرقىسىم رادىيو ۋە تېلېۋىزىيە ئىستانسىلىرىنىڭ مۇخبىرلىرى، فىرانسىيە ۋە تۈركىيە گېزىتلىرىنىڭ مۇخبىرلىرى قاتناشتى. مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا قۇرۇلتاي ۋەكىلى ئەنۋەرجان ۋە « دۇنيا خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتى » ئاسىيا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئۇلرىخ ئەپەندىلەر سۆز قىلىپ، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتى شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغان 50 يىلدىن بۇيان، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تارىختا ھېچبىر مىللەت كۆرۈپ باقمىغان دەرىجىدە قاتتىق خورلۇق ۋە پۈتمەس ـ تۈگىمەس بالايى ـ ئاپەتلەرگە دۇچار بولغانلىقىنى، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىنسانى ھەق ـ ھوقوقلاردىن تامامەن مەھرۇم قالغانلىقىنى، گەرچە نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستاندا بىگۇناھ مىڭلارچە ئىنسان كوللىكتىپ ھالدا قىرىلىۋاتقان، تۈرمىلەرگە تاشلىنىپ، ئىنسان قېلىپىدىن چىققان قىين ـ قىستاقلارغا دۇچار بولۇۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ بۇ پاجىئەلەردىن تامامەن خەۋەرسىز قېلىۋاتقانلىقىنى، شۇڭا، فاشىست كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە سېلىۋاتقان بۇخىل زۇلۇم ۋە كۈلپەتلىرىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە تېخىمۇ لايىقىدا ئاڭلىتىش ۋە ئۇلارنىڭ شەرقىي تۈركىستانغا بولغان دىققەت ـ ئېتىۋارىنى قوزغاش مەقسىدىدە، بۈگۈن دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا خىتايغا قارشى پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ۋەكىللىرىنىڭ بىرئارىغا كېلىپ يۇقىرىقى قۇرۇلتاينى چاقىرغانلىقىنى بايان قىلىشتى. ئۇندىن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



باشقا ئۇلار يەنە گېرمانىيەنىڭ نۆۋەتتىكى باش مىنىستىرى شرۆدېر ۋە تاشقى ئىشلار مىنىستىرى فىشېرلارغا خىتابەن سۆز قىلىپ، ئۇلاردىن، بۇنىڭدىن كېيىن خىتاي ھۆكۈمىتى بىلەن بولغان ئۇچرىشىشلاردا ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىنسان ھەقلىرىنىڭ ئېغىر ھالدا دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىقىنى تىلغا ئېلىشنى نەزەردىن ساقىت قىلىۋەتمەسلىكنى، نوقۇل ھالدا خىتاي بىلەن بولغان سودا مەنپەئەتىنىلا كۆزدە تۇتماي، ئىنسان ھەقلىرى مەسىلىسىگىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشنى تەلەپ قىلدى. مۇخبىرلارنى كۈتۈۋېلىش يىغىنىدا يەنە، 31 يىللىق ھاياتى خىتاينىڭ قاراڭغۇ زىندانلىرىدا ئۆتكەن مەشھۇر جامائەت ئەربابىمىز ۋە تارىخچىمىز ھاجى ياقۇپمۇ سۆز قىلىپ، چەتئەل مۇخبىرلىرىغا ئۆزىنىڭ 31 يىللىق تۈرمە ھاياتىنى جانلىق ۋە تەسىرلىك ھالدا تونۇشتۇرۇپ ئۆتۈش بىلەن بىرگە، كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ 50 يىلدىن بۇيان شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە سېلىۋاتقان تۈرلۈك زۇلۇملىرىنى جانلىق شاھىد سۈپىتىدە ئەمىلى مىساللار ئارقىلىق قاتتىق پاش قىلدى. ھاجى ياقۇپنىڭ بايانلىرى بارلىق چەتئەل مۇخبىرلىرىنىڭ ئالاھىدە قىزىقىشىنى قوزغىدى. ئۇندىن باشقا ۋەكىللىرىمىز يەنە چەتئەل مۇخبىرلىرىنىڭ ئۇيغۇرلار ۋە شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە سورىغان تۈرلۈك سوئاللىرىغا دەلىل ـ ئىسپاتلىق ۋە پاكىتلىق ھالدا جاۋاپ بەردى.

يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمى باشتىن ـ ئاخىر جانلىق ۋە دوستانە كەيپىياتتا ئۆتتى. قۇرۇلتاينىڭ رەسمىي ۋەكىللىرى مىيونخېندىكى ئاسترون مېھمانخانىسىغا ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

# گېنېرال مەھمەت رىزا بەكىننىڭ، «2 ـ نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللى قۇرۇلتىيى » دا قىلغان ئېچىلىش نۇتقىنىڭ تولۇق تېكىستى

1999 ـ يىل 12 ـ ئۆكتەبىر ( گېرمانىيە ـ مىيونخىن )

ھۆرمەتلىك مېھمانلار ، قىممەتلىك ھەمشەھەرلىرىم ،

بۈگۈن بىز، ۋەتىنىمىز شەرقى تۈركىستاننىڭ كەلگۈسىگە مۇناسىۋەتلىك تولىمۇ ئەھمىيەتلىك بولغان بىر تارىخى ھادىسىنىڭ يەنىمۇ ئەمەللىشىشىنىڭ خوشاللىغى ۋە ھاياجىنىغا چۆمۈلمەكتىمىز ۋە بۇ موھىم تارىخى ۋەقە ـ مىللى مەركىزىمىز ئۇيۇشتۇرغان بۇ قۇرۇلتايدۇر.

بىزنى بۇ شاتلىققا مۇيەسسەرقىلغان، بۇ ھاياجاننى ياشناتقان ۋە بىزنى كۈتۈۋالغان « ياۋرۇپا شەرقى تۈركىستان بىرلىگى » ، « شەرقى تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » ۋە « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » تەشكىللاتلىرىغا، خەلقارا تەھدىت ئاستىدىكى خەلقلەرنى ۋە ئاز سانلىقلارنى قوغداش تەشكىلاتىنىڭ قىممەتلىك باشلىغى تىلمان زۈلچ ئەفەندىگە، ئىشلىرىمىزغا كۆڭۈل بۆلۈپ، ياردەملىرىنى ئايىمىغان بارلىق

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ھەمشەھەرلىرىمىزگە شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى نامىدىن تەشەككۈرلىرىمنى بايان قىلىمەن ھەمدە مۇھەببەتلىك سالاملىرىمنى يوللايمەن.

مۆھتەرەم مېھمانلار، سۆيۈملۈك ۋەكىللەر،

بۇ قۇرۇلتاي، شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى مۇئاۋىن باشلىقى ئەزىز قىرىندىشىم ئەسقەرجاننىڭ رىياسەتچىلىكىدە، ئۇنىڭ تەشەببۇسى ۋە ئەمگەكلىرىنىڭ نەتىجىسىدە قۇرۇلغان قۇرۇلتاي تەييارلىق كومىتېتىنىڭ ئىستانبولدىكى مىللىي مەركەز قارارگاھى بىلەن مەسلەھەتلىشىشى ئارقىلىق پىلانلاندى ۋە تەييارلاندى . پىلانلاش ۋە تەييارلىق جەريانىدا، ئىمكانلار دائىرىسىدە مىللىي مەركەزگە ئەزا تەشكىلاتلار ۋە كىشىلەر بىلەن مەسلەھەتلىشىشكە ئەھمىيەت بېرىلدى.

چوڭ غەيرەت ۋە پىداكارانە ئەمگەكلىرى ئۈچۈن ئەسقەرجان، ئابدۇجېلىل قاراقاش، دولقۇن ئەيسا قاتارلىق كۆچ سەرپ قىلغان بارلىق قىرىنداشلارغا ھېساپسىز تەغدىر ۋە تەشەككۈرلىرىمنى سۇنىمەن، شۇنىڭدەك، بەكمۇ قىممەتلىك پىكىر، كۆز قاراشلىرى ۋە تەۋھپىلىرى بىلەن قۇرۇلتاينىڭ ئەمەللىشىشىگە چوڭ رول ئوينىغان قىممەتلىك قىرىندىشىم ئەنۋەرجانغا، پەرھات ۋە ئابلىكىم ئەپەندىلەرگە ھوزۇرۇڭلاردا تەشەككۈر بىلدۈرۈشنى ۋەزىپەم دەپ تونۇيمەن.

مۇجادىلىمىزدە بىزنى ھېچبىر زامان يالغۇز تاشلاپ قويمىغان، مەنىۋى مەنبەيىمىز، داۋاييمىزنىڭ ئالدىنقى قاتاردىكى قوغدۇغۇچىلىرىدىن سابىق پارلامېنت ئەزاسى، ھەربى، ھوقۇقشۇناس، ستراتېگىيە ئالىمى، « تۈرك دۇنياسى ۋە شەرقىي تۈركىستان سىياسى ستراتېگىيىسى » ناملىق كىتاپىنىڭ

ئاپتورى ھۆرمەتلىك مۇزاپپەر ئۆزتاغقا، « شەرقىي تۈركىستان تۈرىكلىرى تارىخى » ناملىق كىتاپنى يازغان شەرقىي تۈركىستان ۋەقىپىنىڭ دائىمى ھەيئەت ئەزاسى قىممەتلىك ئالىم ھۆرمەتلىك پىروفىسسور دوكتۇر مەھمەت ساراي، شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنىڭ جەسۇر قوغدۇغۇچىسى، بارلىق پالىيەتلىرىمىزگە قاتنىشىپ بىزگە مەدەت بەرگەن، دوكلاتلىرى ۋە يازغان قىممەتلىك ماقالىلىرى بىلەن بىزگە ھەردائىم كۈچ بېغىشلىغان ھۆرمەتلىك پىرافىسسور دوكتور ئابدۇلقادىر دونۇقلار، يەنە بىزنى يالغۇز قويماسلىق ئۈچۈن تۈركىيەدىن كېلىپ ئارىمىزغا قۇشۇلدى. بۇنىڭ ئەكسىچە بولىشىمۇ مۇنكىن ئەمەس ئىدى.ھوزۇرۇڭلاردا بۇلارغىمۇ « خوش كەلدىڭلار » دىمەكچىمەن، ئۇلارغا مىننەتدارلىغىمنى ۋە تەشەككۈرۈمنى بىلدۈرىمەن.

ھۆرمەتلىك ھەمشەھەرلىرىم ،

ئەزىز ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستانىڭ ئەلەملىك، ۋەھىمىلىك ئەھۋالى ھەممىمىزگە مەلۇم. بۇ ھەقتە قۇرۇلتاي داۋامىدا سۆزلىشىمىز. كېيىنكى ئەھۋاللار ھەققىدە قۇرۇلتاي قاتناشقۇچىلىرى تەپسىلى توختۇلىدۇ. مەن سىلەرگە شەرقىي تۈركىستان مىللى مەركىزىنىڭ تەشكىللىنىش سەۋەپلىرى ۋە مۇھىم پالىيەتلىرى ھەققىدە قىسقىچە مەلۇمات بېرىش بىلەن چەكلىنىمەن.

خەلقىمىز 1759 ـ يىلىدىن بېرى، 240 يىلغا يېقىن ۋاقىت ئىچىدە ئىستىلاچى دۈشمەنگە قارشى قوراللىق ۋە قورالسىز ھالدا داۋاملىق قارشىلىق كۆرسۈتۈپ كەلدى. ئىستىقلال ھەركەتلىرى ھېچبىر زامان توختىمىدى. بۇ ئارىلىقتا مىللىتىمىز قىسقا بولسىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



ئۈچ قېتىم ھۆررىيەت ۋە مۇستەقىللىقنىڭ تەمىنى تېتىشقا مۇيەسسەر بولدى.

خىتتاي، پەقەت شەرقىي تۈركىستاننىڭ ئۆز خوجايىنى بولغان شەرقىي تۈركىستانلىقلارغىلا ئەمەس، پۈتۈن خوشنىلىرى، بارلىق ئاسىيا مىللەتلىرىگە بارغانسىرى تەھدىت پەيدا قىلىۋاتقان يۇقۇرى نوپۇس كۆچى ۋە سىياسى ئۈستۈنلىكىدىن پايدىلىنىپ، 18 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئورغۇن ھەربى قىسىملىرى بىلەن يۇرتىمىزغا بېسىپ كىرىپ قانلىق قىرغىنچىلىقلارنى ئېلىپ باردى .

خىتتاي دائىرلىرى، ھەربى قىسىملىرىنىڭ ئىشغالىيتى بىلەن، ئىشغال قىلىشقا قادىر بولالمىغان چاغلىرىدا ئەنئەنىۋى ئىچكى بىرلىكنى بۇزۇدىغان زىتلىق تەدبىرلىرى بىلەن مىللىتىمىزنى ئاجىزلاشتۇردى، پارچىلىدى.

شەرقىي تۈركىستان، خىتتايلارنىڭ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىدىغان، ئاتوم سىناق قىلىدىغان مەيدانى، ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ مەزلۇم ئەزاسى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ قەدىمى ۋەتىنى، ئەبدى يۇرتىدۇر.

ئىنسانىيەت دۇنياسىنىڭ بۇ زۇلۇمغا تاماشاچى بولۇپ قالماسلىقىنى ئۈمىت قىلىمەن.

خىتتاي كومۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزى كومىتېتىنىڭ « شىنجاڭنىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش » ھەققىدىكى 1996 ـ يىلى 19 ـ مارتتا ئېلان قىلىنغان 7 ـ نومۇرلۇق ئەڭ مەخپى ھۆججىتىنىڭ 8 ـ ماددىسىدا، چەتئەللەردە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مۇستەقىللىق كۆرەشلىرىمىزنى زەئىپلىتىش ۋە يوق قىلىش ئۈچۈن « ھەر قانداق چىقىمدىن قورقماي، ھەر ـ تۈرلۈك ۋاستە

ۋە چارىلەرنى قوللىنىش » ھەققىدە بۇيرۇق بېرىلگەن. ئۇلار ئارىمىزدىكى بىرلىك، بارەۋەرلىك ۋە ھەمكارلىقنى بۇزۇشنى، بىر ـ بىرىمىزنى زىت قىلىشنى، بىزدىكى ئۆز ئارا سۆيگۈ، ئىشەنچ تۇيغۇلىرىنى بۇزۇشنى، ئاخىردا بىزنى يوق قىلىشنى مەقسەت قىلماقتا. بۇلۇپمۇ، ئىنقىلابىمىزچە، بىزنى شەپقەت، سۆيگۈ، ۋاپادارلىق تۇيغۇلىرى بىلەن باغرىغا باسقان، قوچاقلىغان نەسىلداش، دىنداش، ۋەتەنداش دۆلەتلەر خەلىقلىرى، تەشكىلاتلىرى، جەمىيەتلىرىنىڭ بىزگە بولغان سۆيگۈ رىشتىلىرىنى ئۈپرىتىش ۋە ئۈزۈپ تاشلاشنى مەركىزى مەقسەت قىلماقتا.

بىزگە مەلۇم، شەرقىي تۈركىستاننىڭ قەدىمى ۋە يېقىنقى تارىخى، پىتنە ـ پاساتلارنى ئەڭ ئۈتكۈر قورال قىلىپ قوللۇنۇپ، نىشانلىرىمىزنى ئەڭ ئاسان ۋەيران قىلغانلىقنى ئىسپاتلايدىغان ئاچچىق ۋەقەلەر بىلەن تولغان. بۈگۈنكى كۈندىمۇ بۇ قورالنىڭ ئوخشىمىغان تاكتىكىلار بىلەن كەڭ كۆلەمدە قوللۇنۇۋاتقانلىغى ئېنىق.

تارىخىمىزدىن ئىبرەتلىك دەرىس ئالغان ۋە كىينكى غۇلجا قىرغىنچىلىغى بىزگە يۈكلىگەن ئېغىر ۋە مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالغان، خەلقارا ھوقوق، كىشىلىك ھوقوق دەۋرىنىڭ تۈرىتكىسىدە، داۋايىمىزنى خەلقئارا سەھنىگە ئېلىپ چىقىش، دۇنيا جامائىتىگە ئاڭلىتىش مەجبۇرىيتىنى تونۇپ يەتكەن ۋە « بىرلەشكەن يېڭەر » ھىكمىتىنىڭ روھى كۈچىنى ھېس قىلغان تەشكىلاتلىمىز ۋە كىشىلىمىز، 1998 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنىدىن،11 ـ كۈنىگىچە ئىستانبولدا بىر يەرگە جەم بولۇپ، ئۈزۈن ـ ئۈزۈن مۇگداشتى، ۋەزىيەتنى مۇھاكىمە قىلدى، شەرقى تۈركىستاننى قۇتقۇزۇش داۋاسىنى ئەڭ كۈچلۈك بىر شەكىلدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئېلىپ بېرىشنىڭ يولىنى ۋە يۆلۈنىشىنى ئىزدەش مەجبۇرىيىتىنى ھېس قىلدۇق.

تەرەققىي قىلىۋاتقان ۋە ئۆزگۈرۈۋاتقان دۇنيا شەرتلىرىگە ئاساسەن، ھەممىمىز بىر مۇشتۇمدەك بولۇپ، داۋايىمىزنى خەلقارا سەھنىگە ئېلىپ چىقىشقا مەجبۇر ئىكەنلىكىمىزنى بىر دەك تەستىقلاپ، بىر نىزامنامە ئىمزالاپ چىقتۇق. 12 ـ دېكابىر كۈنى ئەنقەرەدە ئاتا تۈرۈك كۈلتۈر، تىل ۋە تارىخ ئاكادېمىيىسىنىڭ زالىدا تۈرك ئوچاقلىرى تەشكىللىگەن « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » دا، تاللانغان ۋەكىللەر ۋە ھەمشەھەرلەر ئالدىدا مىللىي مەركەزگە قاتناشقان ئەزالار قولغا ـ قول تۇتۇشۇپ، بىر يۈرەك ھالىتىدە مىللىي مەركەزنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى دۇنياغا جاكالاشنىڭ غۇرۇرى ۋە شاتلىقىغا ئېرىشتى. بۇ تارىخى ھادىسىنىڭ ئەكىس ساداسى ۋە تەسىرى بەك كەڭ بولدى.

مىللىي مەركەزنىڭ پائالىيەتلىرى ھەققىدە ئىجرا ئىيە كومىتىتى رەئىسى ھۆرمەتلىك ئابدۇل ھېكىم ئىلتەبىر مەلۇمات بېرىدىغانلىقى ئۈچۈن، مەن پەقەت بەزى ئالاقە ۋە كۆرۈنۈشلەر ھەققىدە توختۇلىمەن.

داۋايىمىزنى داۋاملىق تۈردە كېڭەيتىش ھەمدە تۈرۈك، دۇنيا جامائەتچىلىكىگە يەتكۈزۈش مەقسىدىدىكى ئالاقە ۋە خەت ـ چەكلەر، ئىمكان ھەمدە شارائىتىمىزنىڭ چەكلىمىسى ئۆلچىمىدە ئېلىپ بېرىلدى.

بۇ جەرياندا، بىر ھەيئىتىمىز ئۆزبېكىستان ۋەكىلىمىزنىڭمۇ قاتنىشى بىلەن قازاغىستان، قىرغىزىستانلاردا زىيارەتتە بولدى ( بۇ ھەقتە ئەزالارغا ئايرىم دوكلاد قىلىندى ). خەلقارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈۋىغان

بەزى يەرلىك ۋە چەتئەللىك تەشكىلات ، جەمىيەت، كىشىلەر بىلەن كۆرۈشتۇق . شۇنىڭدەك، بەزى كىشىلەر تەرىپىدىن تەنقىتلەنگەن، خىتتاي دېمۇكراتلىرىنىڭ ۋەكىلى بىلەن كۆرۈشۈپ ئىمزالىغان سۆھبەت خاتىرىمىزمۇ بار.

ئەزىز ھەمشەھەرلەر، « بىيجىڭ باھارى » ژورنىلىنى چىقىرىۋاتقان خىتتاي دېموكراتلىرى بىلەن مىللىي مەركىزىمىز قۇرۇلغاندىن تارتىپ يىراقتىن بولسىمۇ بىر ئالاقىمىز بار ئىدى، ھەممىزگە مەلۇمكى، خىتتاي دېمۇكراتلىرى چوڭ قۇرۇغلۇقتا كومۇنىستىك تۈزۈمنى ئاغدۇرۇپ، دېمۇكراتىك سىستېمىنى تىكلەش ، ھۆكۈمران قىلىش مەقسىدىدە تەشكىللەنگەن ۋە كۆرەش قىلىۋاتقان بىر تەشكىلاتتۇر. بۇ تەشكىلات بىلەن خىتتايدىكى كومۇنىستىك تۈزۈمنىڭ يىقىلىشىنى خالايدىغان ۋە كۈچەيتىۋاتقان دۆلەت، تەشكىلات ۋەجەمىيەتلەر ھەمكارلاشماقتا. بىزمۇ خىتتاي دېمۇكراتىك ھەركەتچىلىرىنىڭ تەلىۋىگە ئاساسەن، ۋەكىلى شۆ ۋېي ئەفەندى بىلەن 1999 ـ يىل 1 ـ مايدىن 7 ـ مايغىچە ئىستابولدىكى ۋەقىپ مور كىزىمىزدە بىر يەرگە كېلىپ پىكىر ئالماشتۇردۇق. مۇزاكىرىلەردە شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزىنىڭ قۇرۇلتىيدا ئېلىنغان تارىخى قارارلار بۇيىچە ئىش ئېلىپ باردۇق. پىكىر ۋە ئارزۇلىمىزنى تۈرۈكچە ۋە خىتتايچە خاتىرلەپ ھۆججەتلەشتۈردۇق. ھۆججەتنىڭ ئىسمى « سۆھبەت خاتىرسى » بولۇپ ، ھەرگىزمۇ توختام ، كېلىشىم ، بىتىم ئەمەستۇر. سۆھبەت خاتىرسى ئۆز ۋاقتىدا ئەزالارغا خەۋەر قىلىندى. بەزى تەنقىدلەر كەلدى. ئاساسلىغى 2 ـ ماددا تەنقىت قىلىندى. بىزنى، « خىتتايلار بىلەن ھەمكارلاشتى ، توختام تۈزۈش ھوقوقى يوق » دىيىلدى.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com



1992 ـ يىلى 12 ـ دېكابىردا ئىستانبولدا چاقىرىلغان تارىخى ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان تۇنجى قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى ـ نىشان، چاقىرىق ۋە كۆلىمى جەھەتتىن ناھايىتى غەلىبىلىك بولدى. قۇرۇلتاي ئىشلىرىمىزغا يول كۆرسۈتىدىغان مىللىي سىياسەت ۋە ستراتېگىيىلىك مەقسىدىمىزنى ئايدىڭلاشتۇرىدىغان بىر ھۆججەت ئېلان قىلدى. مەرھۇم رەھبىرىمىز ئەيسا يۈسۈف ئالىپتېكىن قاتارلىق ھەيئەتلەر ئورنىدىن تۇرۇپ قىزغىن ئالقىشلار بىلەن قوبۇل قىلغان بۇ تارىخى ھۆججەتنىڭ 8 ـ ماددىسىدا: « شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى ـ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقوقىغا ھۆرمەت قىلغان ۋە ھىسداشلىق قىلغان، خىتتاينىڭ كوممۇنىستىك رېجىمىغا قارشى پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان خىتتاي دېموكراتىك ھەركەتلىرى بىلەن ھەمكارلىشىدۇ » . مانا بۇ ماددا يۇقۇرىدىكى تەنقىدلەرگە نەق جاۋاپتۇر.

ئەزىز ۋە سۆيۈملۈك قېرىنداشلىرىم، قۇتۇلۇش كۆرۈشىمىز مەقسىدىگە يەتكەنگە قەدەر سۈرئىتىنى ۋە تەسىرىنى ئاشۇرۇپ داۋاملاشتۇرىمىز. مەقسىدىمىزگە ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە يېتىش ھەممىمىزنىڭ ئورتاق تىلىكى. ئىشلىرىمىزنى، غەيرىتىمىزنى ۋە پىداكارلىقىمىزنى بۇ مەقسەت ئۈچۈن سەرىپ قىلىشىمىزلازىم.

بىز ھازىر 21 ـ ئەسىرنىڭ بوسۇغىسىدا تۇرۇۋاتىمىز. دەۋر، كىشىلىك ھوقوق، ھوقوق، دېموكراتىيە دەۋرىدۇر. بۇ دەۋرنىڭ شەرتلىرىنى ۋە ئۆزگىرىۋاتقان دۇنيا شەرتلىرىنى يېقىندىن كۆزىتەلەيدىغان، ئەسەبىيلىكتىن ساقلىنالايدىغان، دېموكراتىك ۋە كىشىلىك ھوقوقلارنى قوغدايدىغان دۆلەت، تەشكىلات ۋە

جەمىيەتلــەرنىڭ قوللۇشـــى ۋە ھىمايىســـنى قولغـــا كەلتۈرەلەيدىغان، دىنالوگقا ئوچۇق بىر سىياسەت، بىزنىڭ ئىجرا قىلىدىغان سىياسىتىمىز بۇلۇشى كېرەك.

تەڭرىگــە مىــڭ قــەتىرە شۈكرى، بۈگــۈن داۋايىمىزنــى، 21 ـ ئەســرنىڭ تەلەپلىرىگــە، رىناللىققــا ئۇيغــۇن ھــالدا ئىلىــپ بارالايدىغــان، سىياســەت ۋە ســتراتىگىيە بەلگىلىيەلــەيدىغان تەربىيەلەنگەن كىشىلىمىز بار. قىممەتلىك زىيالىلىرىمىز، ۋەتــەن ۋە مىللىتىمىزنىــڭ مۇقــەددەس داۋاسىنىڭ تاللانغــان ئــەۋلاتلىرى، خىزمــەت ئــۆۋىتىنى ، بــايراقنى ئۆتكۈزۈۋىلىشقا تــەييار بولســا بەختىيار ۋە خاتىرجەم بولىمەن.

مەن ئەندى، مەدىنىيەتلىك دۇنياغــا ۋە پۈتــۈن ئىنســانىيەتكە شۇنداق مۇراجەت قىلىمــەنكى، بىزنــى ئۇنۇتمــاڭلار! ئىنســڭلاردا بولسۇنكى ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ۋە زىمىنىغا قىلىنىۋاتقان تــەھدىد ، ھىچقاچــان بــۇ خــەلق ۋە بۇجۇغراپىيــە بىلــەن چەكلىنىپ قالمايدۇ!!

خىتتــاينىڭ يۈرگۈزۈۋاتقــان ئىنســـان قىلىپىدىـــن چىققـــان سىياستى پەقەت دۇنيا تىنچلىقىنى بۇزۇپلا قالماستىن، بــەلكى خىتتــاي خــەلقىنىمۇ ئــۇزۇن مۇددەتلىــك دەرت ۋە نومــۇس كەلتۈرىدۇ.

بىز پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ ، ئىرق ، رەڭ ، نەسىل ، تىل ، دىــن، ئىدىيە زىتلىقلىدىن خالى بولغان ، ســۆيگۈ ۋە ئىنــاقلىق ئىچىــدە ياشايدىغان بىر چوڭ ئائىلە بۇلۇشىنى ئۈمۈت قىلىمىز.

شەرقىي تۈركىستان تۈركلىرى ، بۈگۈنكى كۈندە بۇ ئــائىلىنىڭ ئــەڭ ئەلــەملىك ، تەلەيسىز ، ئــەڭ چــوڭ دەرت تارتقــان بىــر ئەزاسىدۇر .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



نەچچە مىڭ يىللىق قەدىمى ئانا ۋەتىنىمىز شەرقى تۈركىستان مەڭگۈلۈك يوق قىلىنىشقا، شەرقى تۈركىستان خەلقى يوقۇلۇش تەھدىتىكە دۇچ كەلمەكتە.

# « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ باش كاتىپى ئەسقەرجاننىڭ مىللىي قۇرۇلتايدا قىلغان ئېچىلىش نۇتقىنىڭ تولۇق تېكىستى

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم كۆپ مۆھتەرەم ۋەكىللەر ,ئەزىز مېھمانلار, ئالدى بىلەن مەن ,بۇقېتىمقى مىللىي قۇرۇلتىيىمىزنىڭ رەسمىي ئېچىلغانلىقىنى قىزغىن تەبرىكلەش بىلەن بىرگە ,سىزلەرنىڭ ئارىلىقنى يىراق كۆرمەي ,ھېرىش - چارچاشقا قارىماي قۇرۇلتىيىمىزغا قاتنىشىش ئۈچۈن گېرمانىيەگە كەلگەنلىكىڭىزلەر ئۈچۈن سىزلەرگە ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن ! شۇنداقلا قۇرۇلتاي تەييارلىق كومىتېتىنىڭ رەئىسى بولۇش سۈپىتىم بىلەن، بۇقېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ مۇۋاپىقىيەتلىك چاقىرىلىشى ئۈچۈن كۆپ ھەسسە قوشقان « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » گە، « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » گە ۋە « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » غا ئالاھىدە رەھمەت ئېيتىمەن! شۇنى مەمنۇنىيەت بىلەن تىلغا ئېلىپ ئۆتمەكچىمەنكى، قۇرۇلتاي ھارپىسىدا، بۇ 3 تەشكىلات ئۆزئارا ناھايىتى ياخشى ماسلىشىپ، بىر - بىرى بىلەن ئىناق ۋە ئىتتىپاق بولۇپ، قۇرۇلتاينىڭ تەييارلىق خىزمەتلىرىنى

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



مۇۋاپىقىيەتلىك ئورۇنلىدى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ مەن سىزلەرنىڭ ھوزۇرۇڭلاردا « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ رەئىسى ئابدۇجېلىل قاراقاشقا، « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيساغا، ئابلىكىم خوتەن ۋە ئاكام ئەنۋەرجانلارغا ۋە قۇرۇلتايغا ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىن ياردەم بەرگەن گېرمانىيەدىكى بارلىق يۇرتداشلىرىمغا قۇرۇلتاي نامىدىن ئاللاھىدە تەشەككۈر بىلدۈرىمەن! ئەگەر ئۇلارنىڭ ماددى ۋە مەنىۋى جەھەتتىكى ياردىمى بولمىغان بولسا ئىدى، بۈگۈنكى قۇرۇلتايمۇ ئېچىلمىغان بولاتتى.

ئەمدى مەقسەتكە كەلسەك، بىزنىڭ مەقسىدىمىز ھەرگىزمۇ قۇرۇلتاي ئېچىپلا سىزلەرنى بۇيەرگە چاقىرىپ دىدارلىشىپ، مېھمانلىشىپلا تارقىتىۋېتىش ئەمەس. ئەلۋەتتىكى بۇقېتىمقى قۇرۇلتىيىمىزنىڭ بىر مەقسىدى ۋە غايىسى بار.

مىللى داۋايىمىز بىر كىشى ۋە يا بىر قانچە كىشىنىڭلا ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان بىر ئىش ئەمەس. مىللى كۆرۈشىمىزگە ھەممىمىز ئىگە چىقىشىمىز، ئۆزئارا سەممى بولۇشىمىز، ۋەتىنىمىزنىڭ ۋە خەلقىمىزنىڭ مەنپەئەتلىرىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىشىمىز, بۇ يولدا ھەر ۋاقىت ماددى ۋە مەنىۋى پىداكارلىقتىن قاچماسلىقىمىز، ۋاقتى كەلگەندە مېلىمىزنى, قېنىمىزنى، ھەتتاكى جېنىمىزنى بۇ داۋاغا پىدا قىلىشقا تەييار بولۇشىمىز كېرەك . قاچانكى بىز بۇ شەرتلەرنى ئورۇنلىغان چېغىمىزدا، ۋەتىنىمىزنىڭ ئازاتلىق يولى ئېچىلغان بولىدۇ .شۇنىڭ ئۈچۈن مىللىتىمىزنىڭ ھەر بىر نەپىرىنىڭ مەسئۇلىيتى ناھايىتى چوڭ ۋە ھەر ـ بىرىمىز ئۇستۇمىزگە چۈشكەن ۋەزىپىنى

تولۇق ۋە مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن ئادا قىلىشىمىز كېرەك. شۇ ۋاقىتتا بىزگە ھېچ بىر دۈشمەننىڭ (ئىچىمىزدىكى ۋە تىشىمىزدىكى) كۈچى يەتمەيدۇ ۋە ئۇيغۇر مىللىتى مەدىنىي دۇنيادىكى ئۆزىگە ياراشقان يېرىنى قىسقا بىر زاماندا ئىگەللەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەممىمىز ناھايىتى ھوشيار بولۇپ، ناھايىتى پىداكارلىق بىلەن ئىشلىشىنىمىز ۋە پۈتۈن كۈچىمىزنى ،دىققىتىمىزنى، پىكرىمىزنى، ئەقىللىرىمىزنى ۋە ھەتتا جېنىمىزنى بۇ مىللىي كۈرەش يولىدا پىدا قىلىشتىن قورۇقماسلىقىمىز كېرەك ,بولمىسا بىز يەنە بىر دۇنيادا خۇدايىمنىڭ ئالدىدا جاۋاپ بېرىش مەجبۇرىيىتىدە قالىمىز.

مېنىڭچە بۇ قېتىمقى قۇرۇلتىيىمىزنىڭ ئۇتۇغلۇق ئېچىلىشى ۋە ئۇنىڭدىن كېيىن ئۈستىگە ئالغان ۋەزىپىلىرىنى، پۇروگراممىلىرىنى تولۇق ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن تۆۋەندىكى بەش نەرسىگە ئېھتىياجىمىز بار :

( 1 ) يېتىشكەن خادىملار؛

( 2 ) يېتەرلىك ئىقتىسات؛

( 3 ) ئىتتىپاقچىلىق؛

( 4 ) خالىس نىيەت؛

( 5 ) ئىنتىزامچانلىق ۋە پىلان ـ پۇروگرامما؛

يۇقارقى بەش نەرسىدىن بىرى كام بولۇپ قالسا ئىشىمىز دىگەندەك راۋاج تاپمايدۇ ۋە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ ئازاتلىق كۈرۈشى زەربە يەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەممىمىز ناھايىتى سەگەك ۋە ھوشيار بولۇپ , بىر ـ بىرىمىزنى رەنجىتمەسلىگىمىز, پىلانلىق ۋە ئىنتىزاملىق ھالدا ئىش قىلىشىمىز، سەممىي ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن ئابرويپەرەسلىكنى ئاجرىتىۋېلىشىمىز ,كۈچىمىزنى بىر ـ بىرىمىزگە

ئەمەس، دۈشمەنگە قارشى ئىشلىتىشىمىز كېرەك. ئەلۋەتتە بۇ بەش شەرتنىڭ ھەر ـ بىرى ئورۇندىغىلى بولمايدىغان شەرتلەر ئەمەس. بۇ، ئۆزىمىزنىڭ غەيرىتىگە، ۋەتىنىمىزنى، مىللىتىمىزنى ھەقىقەتەن [illegible]ن كۆڭلىمىزدىن سۆيىدىغان ـ سۆيمەيدىغانلىقىمىزغا، شۇنداقلا قانچىلىك پىداكارلىق كۆرسىتەلەيدىغانلىقىمىزغا ۋە قۇربان بېرەلەيدىغانلىقىمىزغا باغلىق. يۇقاردىكى شەرتلەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ موھىمى ـــ ھازىرقى مەزگىلدە ئىقتىساد بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. يېتەرلىك ئىقتىساد بولماستىن تولۇق ئىش ئېلىپ بېرىشىمىز مۇمكىن ئەمەس، ۋەتەن سىرتىدا بۇ داۋانى ئېلىپ بېرىۋاتقان شەخس ۋە تەشكىلاتلار ئاراسىدا ئىستانبولدىن ئۈچ ۋە ئامېرىكىدىن بىر كىشىنىڭ سىرتىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۆز ئىمكانلىرى بىلەن ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ ۋەتەن ـ مىللەت خىزمىتىنى ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ، يەنى ھېچ بىرىمىز ھەركۈنى 8 ۋە ياكى 10 سائىتىمىزنى كەسپى بىر شەكىلدە بۇ مىللىي كۈرۈشىمىزگە ئاجىرتالمايۋاتىمىز. ئۇيغۇرلار بار ھەر دۆلەتتىن ئەڭ ئاز بولغاندا ئىككى كىشى بۇ داۋانى كەسپى ۋەزىپە سۈپىتى بىلەن ئېلىپ بارالايدىغان بولسا، مىللىي كۈرۈشىمىز خېلىلا تەرەققى قىلاتتى، ئازاتلىق كۈرۈشىمىزنىڭ ۋاقتى قىسقىرايتتى.

مېنىڭچە تاشقى دۇنيادا تارقىلىپ ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلاردا ئىقتىساد يوق ئەمەس، لېكىن نىمشقىكىن بىز بۇ ئىقتىسادنى بىر يەرگە يىغىپ، ۋەتىنىمىز ۋە خەلقىمىز ئۈچۈن ئىشلىتەلمەيۋاتىمىز. بۇنىڭدا ئەلۋەتتە رەھبەرلىرىمىزنىڭمۇ خاتاسى بار دەپ ئويلايمەن، ئەمما خەلقىمىزمۇ يېتەرلىك دەرىجىدە پىداكارلىق قىلمايۋاتىدۇ. داستىخان سېلىشتا، تۈي سېلىشتا، ماشىنا ئېلىشتا،

توي قىلىشتا ۋە تۈر تالىششتا بىر ـ بىرسى بىلەن بەسلەشكەندەك, ۋەتىنىمىزنىڭ ئازاتلىق كۆرۈشىدە ھەم شۇنداق بەسلىشىپ, رىقابەتلىشىپ ، بۇ داۋايىمىزنى ئىقتىسادى جەھەتتىن كۆتۈرشىمىز كېرەك . ئوتتا ئاسيادا ( قازاغىستان , قىرغىستان , ۋە ئۆزبىكستا نلاردا ) بىر مىليوندىن ئارتۇق ئۇيغۇر بار دەيمىز ، يىلدا بىر دوللەردىن بەرسەڭلار , بىر مىليۇن دوللەر بولىدۇ .شۇنىڭ بىلەنلا بىزنىڭ ئىقتىسادى مەسىلىمىز ھەل بولىدۇ . ئەگەر بىز ئۆزىمىزنى مەن ئۇيغۇر دەپ تۇرۇپ ، ئەزىز ۋەتىنىمىزنىڭ ئىچىنشلىق قان يىغلاپ تۇرغان ۋەزىيىتىنى كۆرۈپ تۇرۇپ, كۆندە، ئايدا ئەمەس ، يىلدا بىر دوللەرنى مۇشۇ داۋاغا ئاجىرتالمساق، ئۇچاغدا بىز، ئەبەدى مۇستەملىكە بولۇپ ۋە دۇنيانىڭ ئەڭ مىسكىن بىر مىللىتى بولۇپ بۇ دۇنيادىن ئۆتۈشنى ئۆزىمىز قوبۇل قىلغان ۋە نەسلىمىزنىڭ تۆگەپ كېتىشكە ھەسسە قوشقان بولىمىز ، بۇنى ئۇنتۇپ قالمايلى ! ۋەتەن ئۇچۇن خەجلەنمىگەن پۇلنىڭ , ۋەتەن ئۇچۇن ئىشلىمىگەن ئادەمنىڭ, ۋەتەن ئۇچۇن ئاقمىغان قاننىڭ بىزلەرگە كېرىگى يوق دەپ ئويلايمەن!

ئەزىز يۇرتداشلار، ئالدىمىزدىكى پۇرسەتتىن ناھايىتى ئوبدان پايدىنىلايلى! قىلىنغان ئەمگەكلەر, خەجلەنگەن پۇللار، ۋەتەن ـ مىللەت يولىدا كۆيۈپ ـ پىشىپ يىدا بولغان ئەزىزجانلار ,مىللىتىمىزنىڭ ئۇمۇتلىرى ۋە بىر يەرگە كەلگەن پىكىرلەر بىكارغا كەتمىسۇن, زىيان بولمىسۇن,ھەممىمىزنىڭ ۋىزدانىنى ئويغاتسۇن! كېلىڭلار ، ھەممىمىز مۇشۇ قۇرۇلتاينى ھەر جەھەتتىن قوللايلى! داۋايىمىز , ئۆمرىمىز, ۋاقتىمىز بۇنىڭدىن كىيىن مەجلىس ئىچىش بىلەن ئۆتمىسۇن! قول ـ قولچە, ھەر بىرىمىز ئۆزىمىزنىڭ قابىلىيتى

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



بۈيىچە ۋەزىپە ئېلىپ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئازاتلىقى ۋە شانلىق تارىخقا ئىگە ئۇيغۇر مىللىتىنىڭ دۇنيا سەھنىسىگە چىقىشى ئۈچۈن بىر كىشىلىك خىزمىتىمىزنى قاتايلى! ئۇيغۇر داۋاسىغا خىزمەت قىلىش غايىسى بىلەن قۇرۇلۇۋاتقان ئالىي بىر ئورگاننىڭ سىرتىدا قېلىپ ئۇنىڭغا چالما ئاتمايلى! ئۇنى يوق قىلىشقا تىرىشمايلى! بەرى ـ بىر يوق قىلالمايسىلە! خەلقىمىزمۇ ھەر زامان ھوشيار تۇرۇپ، بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق زىيانلىق ھەركەتلەرگە يول قويماسلىقى كېرەك!

بىز ئۇيغۇر مىللىتى 200 يىلدىن ئوشۇقراق بىر زاماندىن بۇيان ئاسارەت ئاستىدا باشقا مىللەتلەرگە بېقىندە بولۇپ ياشاپ كېلىۋاتىمىز، بۇجەرياندا بارلىق ئىنسانىي ھەق ـ ھوقوقلىرىمىز ۋە خىسلەتلىرىمىز ئېغىر دەرىجىدە ئاياق ـ ئاستى قىلىنىپ كەلدى، بىزلەرنىڭ ئەمدى بۇنىڭغا تاقىتىمىز قالمىدى، بۇنداق مىسكىن ياشىغىنىمىزدىن ياشىمىغىنىمىز تېخىمۇ ئەۋزەلرەك!

ھەممىمىز ئويلاپ باقايلى، بېشىمىزدىن ئۆتكەن پالاكەتلەر ۋە كۆرۈۋاتقان غەيرى ئىنسانىي قىسمەتلەر يېتەرلىك ئەمەسمۇ؟ بىز نېمىشقا ھېس ـ تۇيغۇسىز، پاڭ، كۆر، گاچا ۋە روھسىز بولۇپ قالدۇق؟ بۇ ۋەزىيەتمۇ ئەمدى ئۆتۈپ كېتەر دەيدىغان بوشاڭلىق چاغلىرىمىز ئۆتۈپ كەتتى. بىز ئۇيغۇر نەسلى، ئاشۇ ۋەتەننىڭ پۇشتى ۋىزدانىمىز بىلەن ئويلىساق، بۇنىڭدىن كېيىن بىكارغا ئۆتكۈزىدىغان بىر مىنۇتمۇ ۋاقتىمىز يوق، تاقىتىمىز يوق، چۆنكى سەۋرى ـ تاقىتىمىز قالمىدى!

ئەزىز يۇرتداشلار، بىز تارىختا بىشىمىزدىن كۆپ ئىش ئۆتكەن، ياتلارنىڭ تەسىرىگە ئېغىر ئۇچراپ، ھەرخىل ئېقىم، ئىدىيە، ئاڭ، كۆزقاراشلاردىكى ياشاش ئۇسۇلىغا دۇچار بولغان بىر

مىللىت بىمىز، شۇنداقلا، ئاتا ـ بوۋىلىرىمىزنىڭ قامچىـە ئويناۋاتـۇپ، ئـات چـاپتۇرۇپ هـۆكۈم سـۈرگەن ئاشـۇ دەۋىردىكـى تومۇرىـدا ئاققـان قـان ئۈزۈلـۈپ قالمـاي يەنـە هـازىرقى ئـەۋلاتلىرىنىڭ تومۇرىدا دەۋىر قىلىپ ،ئۆزىمىزنى ساقلاپ قېلىپ ،داۋايىمىزنـى بۈگۈنگىچە داۋاملاشتۇرۇپ كېلىۋاتقان بىـر مىللـەتمىز! هـازىر بـىز هـەل قىلغـۇچ بىـر باسـقۇچتا تۇرىۋاتىمـىز، مېنىـڭ ئىشـەنچىم شۇكى ،بىز چوقۇم 21 ـ ئەسىردە هۆر ۋە مۇسـتەقىل بىـر دۆلـەت بولۇپ دۇنيا سەهنىسىگە قايتا كېلىمىز .ئۇيغۇر مىللىتى ئەلۋەتتە ئۆز دۆلىتىنى قۇرىدۇ ,ئۆز بايرىقىنى تىكلەيدۇ ۋە تارىختا بولغىنىـدەك، دۇنيا مەدىنىيتىگە ئـۆز هەسسىـسىنى قېتىـپ ,ئىنسانلىقتا بولغـان ۋەزىپىسىنى ئـادا قىلىـدۇ .لېكىـن ئاهـايىتى قـاتتىق ئىشلىشىمىز، ئاهايىتى ئوبـدان تـەييارلىق قىلىشـىمىز ,پۇرسـەتلەردىن ئوبـدان پـايدىلىنىپ ,دۇنيـا سياسـى ۋەزىيىتىنـى ئەسـتايىدىل تـەتقىق قىلىپ ,ئىتىپاقلىق ئاساسىدا هەر تۈرلۈك پىداكارلىقلارنى قىلىشـقا، قۇربان بېرىشكە تەييـار بۇلىشـىمىز كېـرەك، شـۇ ۋاقىتتـا ۋەتىنىمـىز چوقۇم ئازات بولىدۇ، هېچقانداق بىر كۈچ بـۇ مىللـەتنىڭ ئـازات بۇلىشىنىڭ ئالدىنى ئالالمايدۇ!

بىز ئۆزىمىز شـۇنىڭغا تـەييار بۇلايلـى ۋە ئىشـىنەيلىكى، ئۇيغـۇر مىللىتىنـىڭ مىللـى ئـازاتلىق كۈرىشـى هېچبىـر زامـان توختـاپ قالمايدۇ، بـۇ كـۆرەش تـاكى مۇسـتەقىل بولغىنىمىزغـا قـەدەر قەتئى تۈردە داۋاملىشىدۇ! .شۇ كۈنلـەنى ,كۆرەشلـەرنى جانـابى ئاللاھ هەممىمىزگە قىسقا بىر ۋاقىت ئىچىدە نېسىپ قىلسۇن!

ئـاخىردا، بۇقېتىمقـى مىللـى قۇرۇلتىيىمىزنىـڭ ئۇتۇغلـۇق ئۆتكۈزۈلۈشـىنى تىلەيمـەن ۋە هـەممىڭىزلارغا مۇۋاپىقىيەتلـەر تىلەيمەن!

1999 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى ( گېرمانىيە ـ ميونخىن )

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com



# گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېن شەھرىدە خىتايغا قارشى داغدۇغۇلۇق نامايىش ئۆتكۈزۈلدى

**بۇقېتىمقى نامايىشقا 10 دۆلەتتىن كەلگەن 16 شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتىنىڭ ۋەكىللىرى ۋە مەشھۇر جامائەت ئەربابلىرىمىز قاتناشتى**

1999 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن، كوممۇنىست خىتاي ئاۋرمىيىسىنىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغانلىقىنىڭ 50 ـ يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېن شەھرىدىكى خىتاي كونسۇلخانىسى ئالدىدا داغدۇغۇلۇق ھالدا نارازىلىق نامايىشى ئۆتكۈزۈلدى. بۇقېتىمقى نامايىشقا، ميۇنخېن شەھرىدە چاقىرىلغان 2 ـ نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستان مىللى قۇرۇلتىيىغا قاتنىشىش ئۈچۈن دۇنيادىكى 10 دۆلەتتىن كەلگەن 16 شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتىنىڭ ۋەكىللىرى، بىرقىسىم مەشھۇر جامائەت ئەربابلىرىمىز ۋە گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېن شەھرىدە ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلاردىن بولۇپ 300 گە يېقىن ئۇيغۇر قاتناشتى.

شۇكۈنى چۈشتىن كېيىن گېرمانىيەۋاقتى سائەت 2 ئەتراپىدا شەرقىي تۈركىستانلىق نامايىشچىلار ئالدى بىلەن خىتاي

كونسۇلخانىسىغا تەخمىنەن 2 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى شابىن
پىلاتس مەيدانىغا توپلاندى، ئارقىدىن ئۇلار ئاي ـ يۇلتۇزلۇق
كۆك بايرىقىمىزنى ۋە خىتايغا قارشى شوئارلار يېزىلغان
لوزۇنكىلىرىمىزنى ئىگىز كۆتۈرۈپ، رەتلىك هالدا سەپ تۈزۈپ،
گىرمانىيە ساقچىلىرىنىڭ هەمراهلىقىدا خىتاي كونسۇلخانىسىغا
قاراپ يولغا چىقتى. نامايىشچىلىرىمىز سەپ تۈزۈپ ماڭغان
مەشهۇر رومان شتىراسى كوچىسىدىكى قاتناشلار پۈتۈنلەي قامال
قىلىندى. نامايىشچىلىرىمىزنىڭ ئالدىنقى سېپىدە 10 دىن ئارتۇق
يىگىتىمىز بۇقېتىمقى نامايىش ئۈچۈن تۈركىيەدىن بۇقېتىمقى
نامايىش ئۈچۈن ئالاهىدە ئېلىپ كېلىنگەن كەڭلىكى 4 مېتىر،
ئۇزۇنلۇقى 6 مېتىر كېلىدىغان چوڭ ئاي ـ يۇلتۇزلۇق كۆك
بايرىقىمىزنى قول ـ قولچە ئىگىز كۆتۈرۈپ، دەمبەس قەدەملەر
بىلەن هەيۋەتلىك هالدا يول ئېچىپ ماڭدى.
نامايىشچىلىرىمىز يول بويى خىتايغا قارشى جاراڭلىق هالدا
شوئار تووۋلاپ، ئەتراپتا نامايىشىمىزنى كۆزىتىۋاتقان چەتئەللىك
ئاممىنىڭ ئالاهىدە دىققەت ـ ئېتىۋارىنى قوزغىدى. نامايىشچىلار
قوشۇنىمىز هەيۋەت بىلەن خىتاي كونسۇلخانىسىنىڭ ئالدىغا
يېتىپ كەلگەندە بولسا، كونسۇلخانىنىڭ ئالدىدىكى كىچىك
مەيدان تەرتىپ قوغدىغۇچى ساقچىلار بىلەن تولۇپ كەتكەن
ئىدى. نامايىشچىلىرىمىز خىتاي كونسۇلخانىسىنىڭ ئالدىدا
رەتلىك تىزىلىپ، كونسۇلخانىغا قاراپ جاراڭلىق هالدا شوئار
توۋلاپ، ئەتراپنى زىل ـ زىلىگە سالدى. نامايىشچىلىرىمىز
گىرمانچە، خىتايچە، ئەنگىلىسچە، روسچە ۋە ئۇيغۇرچە تىللاردا
هېچ ئۈزۈلدۈرمەي، « خىتايلار شەرقىي تۈركىستاندىن چىقىپ
كەتسۇن! »، « ۋەتەن بىزنىڭ! »، « شېهىتلەر ئۆلمەس! »، «

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



شېھىتلىرىمىزنىڭ قىساسىنى چوقۇم ئالىمىز! »، « شەرقىي تۈركىستانغا مۇستەقىللىق! »، « ياشىسۇن ئەركىنلىك! ياشىسۇن دېموكراتىيە! ياشىسۇن ئىنسان ھەقلىرى! »، « شەرقىي تۈركىستاندىكى قىرغىنچىلىق توختۇتۇلسۇن! »، « پىلانلىق تۇغۇت توختۇتۇلسۇن! »، « ئاتوم سىناقلىرى توختۇتۇلسۇن! » ... دېگەن شوئارلارنى جانلىق، جاراڭلىق ۋە ھېسسىياتلىق ھالدا توۋلاپ، ئۆزلىرىنىڭ خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىگە بولغان غەزەپ ـ نەپرىتىنى تولۇق نامايەن قىلىشتى.

نامايىش جەريانىدا، « شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ يېڭىدىن سايلانغان باش كاتىپى ۋە « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ رەئىسى ئەسقەرجان شەرقىي تۈركىستانلىقلارغا ۋاكالىتەن گېرمانچە نۇتۇق سۆزلەپ، 50 يىلدىن بۇيان كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە پۈتمەس ـ تۈگىمەس بالايى ـ ئاپەتلەرنى ئېلىپ كەلگەنلىكىنى، نۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىنسانى ھەق ـ ھوقۇقلىرىنىڭ تارىختا ھېچ بىر مىللەت دۇچ كېلىپ باقمىغان دەرىجىدە ئېغىر ھالدا دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىقىنى، سانسىزلىغان بىگۇناھ ئۇيغۇرلارنىڭ خىتاي دائىرىلىرى تەرىپىدىن ئۆلۈم جازالىرىغا ھۆكۈم قىلىنىپ ئېتىپ ئۆلتۈرۈلۈۋاتقانلىقىنى، ناھەق ھالدا تۈرمىلەرگە تاشلىنىۋاتقانلىقىنى تەپسىلى بايان قىلىپ ئۆتكەندىن كېيىن، غەرب باشچىلىقىدىكى پۈتۈن دۇنيا جامائەتچىلىكىنى كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە قارىتا يۈرگۈزىۋاتقان ئىنسان قېلىپىدىن چىققان ۋەھشى زۇلۇم سىياسەتلىرىنى ئەيىبلەشكە ۋە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆزتەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ۋە

ئىنسانچە ياشاش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەققانى كۈرەشلىرىنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەشكە ھەم ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلىشقا چاقىردى.

# ئاكام لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ شېھىت روھى سىلەرگە مەدەت بولسۇن!

( ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئوت يۈرەك شائىرى لۇتپۇللا مۇتەللىپنىڭ نۆۋەتتە قازاقىستاندا ئىستىقامەت قىلىپ تۇرىۋاتقان ئىنىسى كەشپۇللا مۇتەللىپنىڭ مىللىي قۇرۇلتايغا ئاتاپ يازغان تەشەككۈرنامىسىنىڭ تولۇق تېكىستى)

1999 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن 16 ـ كۈنىگىچە گېرمانىيەنىڭ مىيونخېن شەھرىدە ئۆتكۈزۈلگەن مىللىي قۇرۇلتىيىمىزغا قاتنىشىپ ئۈستۈن كەيپىيات ئاستىدا تۆۋەندىكىدەك تەسىراتلارنى ئالدىم:

1. بۇقېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ دېموكراتىك ۋە خەلقچىللىق ئاساسىدا ئېچىلىشىغا شارائىت يارىتىپ بەرگەن گېرمانىيە ھۆكۈمىتىگە چىن قەلبىمدىن مىننەتدارلىقىمنى بىلدۈرىمەن!

2. قۇرۇلتاينىڭ تەييارلىق كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئەسقەرجاننىڭ ھەممە قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ ( بولۇپمۇ ئىقتىسادى جەھەتتىكى قىيىنچىلىقلارنى )، قۇرۇلتاينى ئۇتۇقلۇق ئۆتكۈزگەنلىكىگە كۆپ رەخمەت ئوقۇيمەن!

3. قۇرۇلتايغا ھەرقايسى مەملىكەتلەردىن كەلگەن تەشكىلات ۋەكىللىرى مەھكەم ئىتتىپاقلىشىپ ئۆزلىرىنىڭ ئالىي ئورگىنىنى قۇرۇپ، نىزامنامىسىنى قوبۇل قىلىپ، ۋەتەننى ئازات قىلىش يولىدا مۇستەھكەم بىر كۈچ بولۇپ تەشكىللەندى.

4. بولۇپمۇ مىيونخېن شەھرىدە سىياسى پاناھلىق تىلەپ، مۇساپىرلىقنى بېشىدىن كەچۈرۈۋاتقان غايىلىك ياشلارنىڭ

ۋەتەن سۆيۈش روھىنىڭ ئۈستۈنلىكى،ئۆزئارا ئىناقلىقى مېنى ھەيران قالدۇردى.

5. جاھاننىڭ بۇلۇڭ ـ پۇشقاقلىرىدا ياشاۋاتقان، ۋەتەنسىز مۇساپىرلىقتا يۈرگەن بارلىق ئۇيغۇر ۋەتەنداشلىرى، ميونخىندا ياشاۋاتقان ۋەتەنپەرۋەر ياشلارنىڭ ۋەتەن سۆيۈش، ئىتتىپاق ۋە ئىناق بولۇش روھىنى ئۆگۈنىپ، كېلەچەكلەردىكى قۇرۇلتايلارنىڭ بۇنىڭدىنمۇ ياخشى ئۆتۈشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشىنى ئۈمىت قىلىمەن!

ھۆرمەت بىلەن: كەشپۇللا مۇتەللىپ

1999 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى ( گېرمانىيە ـ ميونخېن )

# تەبرىك ۋە مەكتۇپلار

( ئىزاھات: [illegible]ـەتلىك ۋەتەنداشلار، مىللىي قۇرۇلتاي تەييارلىق كومىتېتى قۇرۇلتاي ھارپىسىدا ۋە قۇرۇلتاي جەريانىدا دۇنيانىڭ ھەرقايسى ئەللىرىدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان مىللىي شەخسلىرىمىزدىن، ئوتتۇرا ئاسىيادا ئۇيغۇرچە نەشر قىلىنىۋاتقان « يېڭى ھايات »، « يېڭى زامان »، « ۋىژدان ئاۋازى » ...قاتارلىق بارلىق گېزىتلەردىن، ھەتتا ۋەتەن ئىچىدىكى بەزى تەشكىلاتلىرىمىزدىن، شۇنداقلا تۈركىيەنىڭ سابىق باش مىنىستىرى ۋە تۈركىيەدىكى « ئانا ۋەتەن پارتىيەسى » نىڭ رەئىسى مەسئۇد يىلماز، تۈركىيەنىڭ دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى ئابدۇلخالۇق چاي، تۈركىيە دۆلەت مۇداپىيە مىنىستىرى ساباھاتتىن چاقماق ئوغلى ... قاتارلىق شەخسلەردىن جەمئى 30 پارچىغا يېقىن تەبرىك تېلېگراممىسى ۋە مەكتۇپ تاپشۇرۇپ ئالغان ئىدى، تۆۋەندە بۇلارنىڭ پەقەت بىرقانچە پارچىسىنىلا دىققىتىڭلارغا سۇندۇق، بەزى مەكتۇپلار قىسمەن قىسقارتىلدى، ئەپۇ قىلغايسىزلەر . تەھرىردىن )

## ۋەتەندىن كەلگەن خەت:

# « كۈچ بىرلىكتە، ئىش ئۆملۈكتە »

( مەزكۇر خەت، ۋەتەن ئىچىدىكى خەلقىمىز تەرىپىدىن بۇقېتىم گېرمانىيەدە چاقىرىلغان مىللىي قۇرۇلتايغا ئاتاپ مەخسۇس يېزىلغان بولۇپ، بۇ خەت مىللىي قۇرۇلتاينىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ رەئىسى ئابدۇجېلىل قاراقاش ئەپەندى ئارقىلىق قۇرۇلتاي ئەھلىگە يەتكۈزۈلدى)

قۇرۇلتاي ئېچىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ، ئاددى بولسىمۇ يېزىق سوغىسى قىلماقچىمەن:

« كۈچ بىرلىكتە، ئىش ئۆملۈكتە » ( قۇرۇلتايغا بېغىشلايمەن )
ھۆرمەتلىك دوستلار، قېرىنداشلار:

شەرقىي تۈركىستان داۋاسىدا ئىنتايىن موھىم ئورۇننى ئۇتقان ھەمدە تارىخىي ۋەزىپىسى، رولى ۋە ئەھمىيتى پەۋقۇلئاددە موھىم بولغان قۇرۇلتاي ئېچىلىش ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ، بۇنىڭ ئۈچۈن، پۈتۈن ۋەتەندىكى بارلىق ئوت يۈرەك ئۆز مىللىتىنى تونۇيدىغان، ئۆز ۋەتىنىڭ قايسىلىغىنى بىلىدىغان شەرقى تۈركىستانلىقلار ئىنتايىن خوشال ۋە ئۇمۇتۋار. مەن بۇ يەردە ئالدى بىلەن شۇ ئوت يۈرەكلەرگە ۋاكالىتەن قۇرۇلتايغا غايەت زور ئۇتۇغلارنى تىلەيمەن. ئۇلۇغ ئاللاھ بۇ يۈكسەك

قۇرۇلتايىمىزغا ئۆملۈك، ئىتتىپاقلىق ۋە ئۇتۇقلارنى ھەسسىلەپ ئاتا قىلغاي، ئامىن!

ئۆۋەندە قۇرۇلتايغا ئاتاپ ۋەتەندىكى بىر قانچە مەسىلە توغرۇلۇق توختالماقچىمەن:

## 1 . دىنغا بولغان بېسىم

خىتايلار ھازىر ئۆزىنىڭ مۇستەبىت ھاكىيمىتىنى شەرقى تۈركىستاندا تېخىمۇ مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، دىنىنىڭ ئۆزىگە ئەڭ چوڭ دۈشمەن ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىپ، جېنىنىڭ بېرىچە دىنغا نىسبەتەن بېسىم ئىشلىتىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ ئاخىرقى مەقسىدى ـ شەرقى تۈركىستاندا ئىسلام دىنىنى يوق قىلىپ، ئۇيغۇرلارنى ئۆزىگە ئاسسىمىلاتسىيە قىلىپ، ئۇلۇغ ۋەتىنىمىزنى، مىللىتىمىزنى يوق قىلىش ئۈچۈندۇر، خالاس! خىتتايلار ئاساسەن ئىككى تەرەپتىن ئۆزىگە پايدىلىق بولغان شارائىتتىن پايدىلىنىۋاتىدۇ. ( 1 ) دىنىي ساھەيىمىزدىكى ئىتتىپاقسىزلىق؛ يەنى ھازىر شەرقى تۈركىستاندا دىنىي ساھە ئىككى تەرەپ بولۇپ كېتىكلىك، بىرسى، ھەقىقى دىندار ۋە يېڭىلىق تەرەپ، ھۆكۈمەتنىڭ يۈركىگە مىق بولۇپ سانجىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ.يەنە بىرسى سوپىلار، يەنى مۇتەئەسسىپلەر، ئۇلار خىتايلارنىڭ قوينىغا ئۆزىنى ئېتىپ، خىتتايلارنى ئۆزىگە پاناھ تىلەپ، خىتتايلار ئۈچۈن جان دەپ ئىشلەۋاتىدۇ. خىتتايلارنىڭ جان دوسلىرى بولغان خىتتاي پەرەسلەر، مەسىلەن: ئۆزىنىڭ رەزىل مەقسىدىگە يېتىش ئۈچۈن دىن تورىغا ئورۇنۇۋالغان مۇناپىق سوپىلار، ئۇلار دىننى ئۇزىنىڭ پۇل تېپىشىدىكى موھىم يولى قىلىۋالغان،

دىنىدىكى يېڭىلىق تەرەپتىكىلەر ئۇلارغا قاقشاتقۇچ زەربە بەرگەنلىكى ئۈچۈن، ئۇلار خىتتايلارنى ئۆزىگە پاناھ تارتىپ، ئۆزىنىڭ شۇ نىجىس يولىنى دەسمايە قىلىپ، نادان خەلقىمىزنى مەڭگۇ زۇلمەت قاراڭغۇلۇق ئىچىدە تۇتۇپ تۇرۇش ئۈچۈن جان جەھلى بىلەن تىرىكەشمەكتە. ئاللاھنىڭ ئۆيى بولغان مەسجىدنى ئۈچۈق ـ ئاشكارە ھالدا كوممۇنىست خىتتايلارنىڭ سىياستىنى تەرغىپ قىلىدىغان سىياسى مەيدانغا ئايلاندۇرۇپ قويماقتا. ئۆزىنىڭ رەزىل يولىنى ساقلاپ قىلىش ئۈچۈن خىتتايلارنىڭ بارلىق خورلۇقلىرىنى جان دەپ قوبۇل قىلماقتا.

( 2 ) پۇل پەرەسلەر، ئۆزىنىڭ كىملىكىنى بىلمەيدىغان، پۇلنى دەپ تۇققان ئانىسىنى ساتىدىغان پۇل پەرەسلەر، مۇناپىقلاردۇر، بۇنداقلار دۇنيادا ھەرقانداق مىللەتتىن چىقىدىكەن. لېكىن بىز ئۇيغۇرلاردا ئالاھىدە كۆپتۇر. مەسىلەن: ھازىر خوتەندە ئاشكارە قىرغىنچىلىق بولىۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىرىنجى سەپ ياردەمچىلىرى ـ دەل ئەنەشۇ كۆنلىكىگە 50 ـ 100 يۈەن خەلق پۇلىغا سېتىلغان مۇناپىق پۇلپەرەسلەر. ئۇلۇغ ئاللاھ ئۇلارنىڭ جازاسىنى لايىغىدا بەرگەي!

## 2 . مائارىپقا بولغان « مائارىپسىز قالدۇرۇش » سىياستى

خىتتايلار پۈتكۈل دۇنياغا ئۆزىنىڭ يالغان ـ ياۋىداق سۆزلىرى بىلەن « مەجبۇرى مائارىپ » نى تەشۋىق قىلغان بىلەن، ئەمىلىيەتتە ئىش پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ئەكسىچە بولىۋاتىدۇ. بىر ئوقۇغۇچىنىڭ باشلانغۇچ مەكتەپنى پۈتتۈرىشى ئۈچۈن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



خىتتايلار 400 يۈەن خەلق پۇلى كىتىدۇ دەپ ئېلان قىلدى. ماھىيەتتە 400 يۈەن خەلق پۇلى مەكتەپتىكى ھەرخىل بولمىغۇر سېلىقلار بىلەنلا پاك ـ پاكىز تۈگەپ تېخى يەتمەيدۇ. يىللىق ئوتتۇرىچە كىرىمى 600 يۈەنگىمۇ يەتمەيدىغان شۇ دېخانلار قانداقمۇ ئۆز پەرزەنتلىرىنى ئوقۇتالىسۇن؟ مۇستەبىت ماۋزېدۇڭ ۋاقتىدىمۇ يېزا مائارىپى ھەرھالدا ھەقسىز ئىدى. ھازىر مىللىي مائارىپقا ئالاھىدە « كۆڭۈل بۆلىۋاتقان » جاڭزېمىننىڭ سىياسىتىنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى ئېنىق كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ،خالاس!

بىر مىللەتنى باشقۇرۇشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ـ ئۇنى مەڭگۈ نادان، ئېتتىپاقسىز قالدۇرۇش ئەلۋەتتە. ئالى مەكتەپلەردە ئوقۇش ئەسلا مۇمكىن ئەمەس، تۇرمۇش سەۋىيەسىنىڭ قانچىلىك ئېكەنلىكىنى ئېنىق بىلىدىغان شۇ خىتتايلار ياخشىراق بولغان شىنجاڭ مېدىسىنا ئېنىستىتوتىنى تۈگۈتۈش ئۈچۈن كىتىدىغان خىراجەتنى 6000 يۈەنگە كۆتۈرۈپ قويىدى. بۇ، ئوچۇق ـ ئاشكارە « ئوقۇما » دېگەنلىك ئەمەسمۇ؟ دېخانلار ئەمەس، ھۆكۈمەت كادىرلىرىمۇ بالىلىرىنى ئوقۇتالمايۋاتىدۇ، ئۇلار ئاخىرى نىمە ئىش قىلىدۇ؟ ئېنىقلا خىتتايلار ئۆزىگە قۇل قىلىدۇ. يىمەي ـ ئىچمەي بالىلىرى تولۇق ئوتتۇرىنى تۈگۈتۈپ، بالىلىرىنى ئالى مەكتەپكە كىرگۈزەلمەيۋاتقان ئاتا ـ ئانىلار شەرقىي تۈركىستاندا سان ـ ساناقسىدۇر. دۆلەتنىڭ موھىم ، ئۇختۇلۇق كەسىپلىرىگە ئۇيغۇرلار قوبۇل قىلىنمايدۇ. ئاساسەن نەزىرىيە ـ سىياسەت كەسىپلىرىدۇر.

## 3 . مىللىتىمىزنىڭ ئۆز ئىچىدىكى ئىتتىپاقسىزلىق

خەلقىمىز نادان، گەرچە « ئۇيغۇر » دىگەن سۆزنىڭ « ئۇيۇشماق » دىگەندەك مەنىسى بولسىمۇ، بىزنىڭ ئۆز ئىچىمىزدىكى ئىتتىپاقسىزلىق بىزگە ئەڭ چوڭ دۈشمەن بولىۋاتىدۇ. تارىختىن بېرى بىزنىڭ مىللىي ئازاتلىق ھەركەتلىرىمىزنىڭ قايسى بىرى ئۆز مىللىتىمىزنىڭ سېتىۋېتىشىدىن خالى بولالىغان؟ بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەۋى ـ نادانلىق، مەنپەئەتپەرەسلىك، تاماخورلۇقتىن خالى ئەمەس ئەلۋەتتە. بىرسى قۇرتۇلۇش ئۈچۈن، ئۆز قېرىندىشىنى ساتسا، بىرسى ئورنىنى مەڭگۈ ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۆز قېرىندىشىنى ساتىدۇ. شەرقىي تۈركىستانغا دەسلەپ چاڭگىلىنى ئاچقان ياڭزىڭشىڭدىن تارتىپ ھەممە مۇستەبىت بۇ بوشلۇقتىن ناھايىتى ئۈنۈملۈك پايدىلانغان. ھازىرمۇ ھەم شۇنداق! ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوچۇق ـ ئاشكارە ھالدا پايدىلىنىۋاتىدۇ. يەنە قاچانغىچە مۇشۇنداق ئۆتەرمىز؟؟؟. خىتتايلار ھازىر ئوچۇق ـ ئاشكارە ھالدا خىتاي چوڭ مىللەتچىلىكىنى يۈرگۈزىۋاتىدۇ، كۈچەيتىۋاتىدۇ. مەسىلەن: خوتەن رايونىنى ئېلىپ ئېيتساق، 98% ئاھالىسى ئۇيغۇر، 2% ئاھالىسى باشقا مىللەت، تېخى پۈتۈنلەي خىتتايمۇ ئەمەس، ئەمما ھۆكۈمەتنىڭ ئورگانلىرىغا قارىساق، 90% خەنزۇ، 10% باشقا مىللەت، تېخى پۈتۈنلەي ئۇيغۇرمۇ ئەمەس. مۇھىمراق بولغان ئورۇنلاردا شۇ خىتتايلارنىڭ قول چوماقچىلىرىدىن باشقا ئۇيغۇر تېپىش مۇمكىن ئەمەس. مۇشۇنىڭ ئۆزى بىر ئاپتونومىيەلىك ھوقوقى بولغان ئورۇنمۇ؟؟ ياق ئۇنداق ئەمەس، بۇ پەقەت بىر ئۆزىنىڭ جايىغا قۇرۇلغان جازا لاگىرىدىن ئىبارەت. مەسىلەن، يېقىندىن ئىبارەن يۈرگۈزۈلۈۋاتقان بارلىق سىياسەتلەر پۈتۈنلەي خىتتايلار ئۈچۈن

www.uyghurkitap.com



چىقىرىلغان. ئاددىسى، ئۆز نامى بولغان خىتتاينى « كاپىر » دېيىشكىمۇ يول قويۇلمايۋاتىدۇ.

## 4 . قانۇنسىزلىق

هازىر شەرقى تۈركىستاندا خىتتايلارنىڭ قانۇنى پەقەت « ئىقى قەغەز، قارىسى سىيا » دۇر، خالاس! پۈتكۈل قانۇن پەقەت خىتتاي ئۈچۈنلا خىزمەت قىلىدۇ. مىللىتىمىز ئۈچۈن ئەلۋەتتە ئەتۈرسىچە، خالىغانچە ئۆي ئاختۇرۇش، كىشىلەرنى خالىغانچە تۇتقۇن قىلىش، دەپسەندە قىلىش، خالىغانچە هەر خىل بۆهتانلار بىلەن ئۆلتۈرۈش ئادەتتىكى ئىشلارغا ئايلىنىپ قالدى.

## 5 . پىلانلىق تۇغۇت

« پىلانلىق تۇغۇت » ـــ خىتتايلارنىڭ مىللىتىمىزنى ئاجىزلاشتۇرۇشتىكى ئەڭ رەزىل سىياستى. هازىر پۈتۈن شەرقى تۈركىستاندا تۇغۇت يېشىدىكى ئاياللارنىڭ 80% تىن كۆپرەكى مەجبۇرى هەرخىل تۇغۇت چەكلەش تەدبىرلىرىنىڭ قۇربانى بولۇپ بولدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى يېرىمىدىن كۆپرەگى مەڭگۈ تۇغۇت ئىقتىدارىدىن مەهرۇم قىلىندى. هازىر نۇلۇش نىسبىتى تەبئى كۆپىيىش نىسبىتىدىن خېلىلا يۇقۇرى بولۇۋاتىدۇ. بۇ، هەرقانداق بىر ئەقىل ئىگىسى كۆرۈۋالالايدىغان تەبئى يوقۇتۇش ئۇسولىدۇر. مەسلەن، ئاددىسى خوتەن كېرىيە ناهىيەسىنىڭ مەلۇم بىر يېزىسىنىڭ ستاتىستىكىسىدا ( پىلانلىق تۇغۇت ئورۇنلىرىنىڭ ئۆزىنىڭ ستاتىستىكىسى ) تەبئى

كۆپىيىش نىسبىتى 3.77 پىرسەنت بولغان، ئۆلۈش نىسبىتى بولسا 10.3 پىرسەنت بولغان. ئەگەر مۇشۇنداق كېتىۋەرسە، مىللىتىمىز يەنە قانچىلىك ۋاقىت مەۋجۇت بولۇپ تۇرالار؟؟؟. مەجبۇرى تۇغۇت چەكلەش ئوپىراتسىيەسى جەريانىدا ئۆلۈپ كەتكەنلەر، مەجرۇھ بولغانلار، كېسەل ئاسارىتىدە قالغانلار سان ـ ساناقسىز، ئەلۋەتتە. خىتتايلار بۇ جەھەتتىكى ستاتىستىكىسىنى قەتئىي مەخپىي تۇتىدۇ. شۇنداقتىمۇ خەلقىمىزنىڭ كۆزى بار، كۆرىدۇ، قۇلىقى بار، ئاڭلايدۇ. بۇ ۋەھشىلىكلەرنىڭ پاكىتىنى، نەتىجىسىنى يوشۇرۇپ قالالمايدۇ ئەلۋەتتە. ئاللاھ بەرگەن بالىنى خىتتاينىڭ ئىرادىسى بويىچە تۇغىمىز. بىز موسۇلمانلار ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ ئوشۇق خورلۇقلار بارمۇ؟؟.

## 6 . نادانلىق

يۈز نەچچە يىل مۇناپىق سوپىلار، مۇناپىق خىتتايلار ۋە باشقا كاپىرلار سەۋەۋىدىن نادانلىق، مەدىنىيەتسىزلىك، مائارىپسىزلىقنىڭ ئاسارىتىدە ئۆتتۇق. ھازىر ئويغۇنۇۋاتىمىز ھەم ئويغۇنۇۋاتىدۇ. ئەمما، موھىم بىر مەسىلە ـ خەلقىمىز نادان. ئىمىنىڭ ئۆز ۋەتىنى، ئىمىنىڭ ئەركىنلىك ئېكەنلىكىنى چۈشۈنىدىغانلار گەرچە كۆپىيىۋاتقان بولسىمۇ، يەنىلا ئۇرغۇن خۇلقىمىزنىڭ ئىدىيەسىدە يورۇق ئەمەس، ئۇلارنىڭ يۈرۈكىنى خىتتايلار ئۆز تاجاۋۇزىدىن بۇيان ئېلىپ بېرىلغان بىر قانچە قېتىملىق پەيدىن ـ پەي ئېلىپ بېرىلغان ھەركەتلىرىدە قاتتىق ئېزىۋەتكەچكە، « ئاكاڭ كىمنى ئالسا، يەڭگەڭ شۇ » دەيدىغان خەلقىمىزمۇ ئاز ئەمەس. شۇڭا، ۋەتەننى خەلقىمىزنىڭ

ئېدىيەسىدە ئازات قىلىشمۇ بىر موھىم مەسىلە دەپ ئويلايمەن. ۋەتەن، ئەۋۋەل خەلقىمىزنىڭ ئېدىيەسىدە ئازات بولسا، خىتتايلارغىمۇ ئۆز مۇستەبىتىنى داۋاملاشتۇرۇشقا چوڭ توسالغۇ، ۋەتىنىمىزنىڭ ئازات بولۇشىغا ئەڭ چوڭ يولەك بولار ئىدى دەپ ئويلايمەن.

## 7 . ئۈمۈدىمىز

ۋەتەن قاراڭغۇلۇق ئىچىدە، بىر ـ بىرىمىزنى كۆرەلمەيۋاتىمىز. نادانلىق، ئىتتىپاقسىزلىق، تاماخورلۇق، مەن ـ مەنچىلىك، مەنپەتپەرەسلىك، مۇناپىقلىق ئىنتايىن ئېغىر. ۋەتەن ئىچىدە ئۆرغۈن قېتىم ئۇرغۇنلىغان ئازاتلىق تەشكىلاتلىرى قۇرۇلدى، خېلى نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى، ئەمما ئاخىرىدا يۇقارقى سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن مەغلۇپ بولدى. ھەر قايسى تەشكىلاتلار ۋە گۇروھلار ھەممىسى ئۆز ئالدىغا ئىش كۆرۈۋاتىدۇ، ھەركەت قىلىۋاتىدۇ، بۇ، ئەلمىساقتىن قالغان تەجرىبە ـ ساۋاق، شۇڭا، بۈيۈك مەقسىدىمىزگە يېتىش ئۈچۈن ھەم پۈتكۈل خەلقارانىڭ ياردىمىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، ئۆزىمىزگە لايىقىدا ھەركەت قىلمىساق بولمايدۇ دەپ قارايمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن بىز ۋەتەندىكى ۋە پۈتكۈل خەلقارادىكى شەرقى تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنى بىرلىككە كەلتۈرەلەيدىغان، ئېتتىپاق ، ئېناق، ھەقىقى بىر شەرقى تۈركىستان ئازاتلىقى ئۈچۈن جان دىلى بىلەن خىزمەت قىلىدىغان نوپۇزلۇق بىر تەشكىلاتنىڭ تىزراق قۇرۇلىشىنى تۆت كۆزىمىز بىلەن كۈتۈۋاتىمىز، ئۈمۈت قىلىۋاتىمىز، ھەقىقى « ئىش ئۆملۈكتە. كۈچ بىرلىكتە » دىگەن

ئەجداتلىرىمىزنىڭ ئەن ـ ئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ۋەتەننى خىتتايلارنىڭ چاڭگىلىدىن تارتىپ ئېلىپ، نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى ھېچكىمگە تارتقۇزۇپ قويماي مەھكەم يۇرتىنى، ۋەتىنىنى قوغدىغان شۇ ئەجداتلىرىمىز روھىنى خوش قىلىش، ۋەتەندىكى خىتتايلار تەرىپىدىن ئېزىلىۋاتقان شۇ گۇناھسىز خەلقىمىزنى تىزراق قۇتۇلدۇرۇش بەكمۇ زۆرۈر. بۇ ئۇزۇۋۇن مۇددەتلىك كۆرەشنى داۋاملاشتۇرۇش ئۈچۈن ھەم ئۇنىڭ غەلبىسىگە ئېرىشىش ئۈچۈن، يىمىرىلمەس، مۇستەھكەم، ئىتىپاق بولغان بىر بۇيۇك تەشكىلات كېرەك ئەلۋەتتە.

مۇشۇنچىلىك يازدىم. ئەگەر شارائىتىم بولغان بولسا، قۇرۇلتايغا ئىقتىسادى جەھەتتىمۇ ياردەم قىلغان بولسام تېخىمۇ ياخشى بولغان ئىدى. شۇ كۈنلەرمۇ كېلەر!

ئاللاھ شۇ كۈننى تىزراق كۆرۈشكە نىسىپ قىلغاي، ئامىن!

تىنىڭىزگە سالامەتلىك تىلەپ:

ئېنىڭىز ئۈچقۇندىن

1999 ـ 10 ـ 07 ( ئانا ۋەتەندىن )

# قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا شەھرىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ئاقساقاللىرىدىن مىيونخىندا ئېچىلىدىغان مىللىي قۇرۇلتاينىڭ ھەيئەت ئەزالىرىغا ئوچۇق خەت

( ھۆرمەت بىلەن: قازاقىستاننىڭ ئالماتا شەھرىدە ياشاۋاتقان ئۇيغۇر ئاقساقاللىرىدى نامىدىن )

بۇ، سىزلەرگە ئۆزىمىزنىڭ ھاياتىدىن، ئۆتمۈشىدىن ۋە بۈگۈنكى كۈنلەردە يۈز بېرىپ كېلىۋاتقان ئەھۋاللاردىن، ئەمىلىي پاكىتلاردىن ئالغان تەجرىبىلىرىمىزدىن سىزلەرنىڭ ئويلۇشۇپ مۇزاكىرە قىلىشىڭلار ئۈچۈن ئۇشبۇ ئوچۇق خېتىمىز بىلەن كۆڭلىمىزدىكى بىر نەچچە تۈرلۈك پىكىر ـ مەسىلىھەتلىرىمىزنى مەلۇم قىلىشنى ئۆزىمىزنىڭ ئىنسانىي بۇرچىمىز دەپ بىلىمىز:

ھەرىيەردە مۇھاجىرەتتە ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ قىلىپ كېلىۋاتقان ئىشلىرىدىن دىگەندەك بۇنچىلىك ئىشلارنىڭ مەيدانغا چىققىنى يوق. شۇنىڭدەك بىر پۈتۈن تەشكىلى ئورۇنغا مەركەزلىشىپ ۋەتەن داۋاسىنى خەلقئارا مەيدانغا ئېلىپ چىقمىدى.

1992 ـ يىلى تۈركىيەنىڭ ئىستانبول شەھرىدە ئېچىلغان مىللىي قۇرۇلتىيىمىزنىڭ ئۈنۈمى بولمىدى ھەمدە قۇرۇلتايغا قاتناشقان شەخسلەر بىر نەتىجىگە كەلمەي قۇرۇق قول قايتىشتى. ئەمىلىيەتتە بۇ ھەم بىزنىڭ ئىتتىپاقىمىزنىڭ

بولمىغانلىقىنىڭ نەتىجىسى. بۇلار ھەم ياشلارغا لىتىبار بەرمەسلىكتىن يۈز بەرگەن كامچىللىقلاردۇر.

يۇقۇردىكى ئۆتكۈزۈلگەن خاتالىقلارنى يەنە تەكرارلىماسلىقىمىز لازىم.

بۇ جەرياندا بۇ قېتىم مىيۇنخىن شەھرىدە ئۆتكۈزۈلىدىغان خەلقئارا ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي قۇرۇلتىينى ئۆتكۈزۈشىدە ئۆتكەنكى خاتالىقلارنى يەنە تەكرارلىماسدىن، قۇرۇلتاينىڭ تىزگىنىنى ئاساسى جەھەتتىن ياشلارنىڭ قولغا ئېلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ئۆتمۈشىمىزنىڭ نەتىجىلىك بولۇشىنى تۆرت كۆزىمىز بىلەن كۈتۈپ تۇرۇۋاتقان يازغان ئالمۇتىدىكى ئۇيغۇر جامائەتلىرى، ھەر ساھە يۇرت چوڭلىرى ۋە ئاقساقاللىرى ئۆز ئىمزالىرى بىلەن قول قويۇپ سىزلەرگە ئۇشبۇ تۇچوق خىتىمىز بىلەن يوللىدۇق.

1999 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنى گوروت ئالمائاتا

( بۇ خەتكە 75 كىشىنىڭ ئىسىم فامىلىسى يېزىلغان ۋە ئىمزاسى قويۇلغان )

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى



# ئەسسەلامۇ ئەلەيكۇم

« شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى تەييارلىق كومىتېتى »گە ۋە قۇرۇلتايغا قاتناشقۇچى بارلىق ۋەتەنداشلارغا كامالى ئېھتىرام بىلەن سالامىمنى يوللايمەن، قۇرۇلتاينىڭ غەلبىلىك تامام بولۇشى ئۈچۈن تىلەكداشمەن. شۇنىڭ بىلەن بىرگە، بارلىق ۋەكىللەرگە سالامەتلىك ۋە خاتىرجەملىك تىلەيمەن. جانابى ھەق ھەر بىر باسقان قەدىمىڭلارغا مەدەتكار بولسۇن!

ئالى ھۆرمەت ۋە ئېھتىرام بىلەن:

ئابدۇرەئۇپ مەخسۇم ئىبراھىمى

1999 ـ يىلى 30 ـ سىنتەبىر

1419 ـ يىلى 21 ـ جەمادىيەل ئاخىر

ئالمۇتا شەھرى

# « خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ ئىشتىراكچىلىرىغا:

ھۆرمەتلىك ۋەتەنداشلار! 12 ـ ئۆكتەبىر كۈنى گېرمانىيەنىڭ ميونخىن شەھرىدە ئېچىلىدىغان خەلقئارا « شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى » مۇستەملىكىچىلەر ئاسارىتىدىكى خەلقىمىزنىڭ ھاياتىدا ئىنتايىن چوڭ ۋەقە بولىدۇ. بىز قۇرۇلتاي ئىشىغا مۇۋاپىقىيەتلەر تىلەيمىز ۋە مەزكۇر قۇرۇلتاينىڭ قوبۇل قىلىدىغان قارارلىرى خەلقىمىزنىڭ تۈپ مەنپەئەتلىرىگە جاۋاپ بېرىدىغانلىقىغا كامىل ئىشىنىمىز!

« يېڭى ھايات » گېزىتى تەھرىراتى

قازاقىستان جۇمھۇرىيىتى، ئالمۇتا شەھرى

# بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم

كوممۇنىست خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغانلىقىنىڭ 50 ـ يىللىق مۇناسىۋىتى بىلەن گېرمانىيىنىڭ ميۇنخېن شەھرىدە ئويۇشتۇرۇلغان ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىغا قاتنىشىۋاتقان بارلىق مىللەتپەرۋەر ئۇستازلار، ئاكىلار ۋە دوستلارغا چىن قەلبىمىزدىن سېغىنىپ سالام يوللايمىز. ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ۋەرەھمۇتۇللاھى ۋەبەركاتىھو!

گەرچە بىز ۋىزا ئېلىش قىيىنچىلىقى ۋە باشقا بىر نەچچە سەۋەپلەر تۈپەيلى بۇ يىغىنغا قاتنىشالمىغان بولساقمۇ، بىزنىڭ قەلبىمىز ۋە ھىس تۇيغۇمىز دائىم سىلەر بىلەن بىرگە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەيمىز.

بىز بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ چوقۇم غەلبە قىلىشىغا تىلەكداشمىز. بىز بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ ئىلگىرىكى يىغىنلارغا ئوخشاش « يىغىن مەيدانىدا تازا قايناپ، يىغىن تۈگىگەندىن كېيىن جىم بوپ كېتىدىغان » يىغىن بولماستىن، بەلكى چوقۇم بىرەر نەتىجە چىقىرىدىغان ۋە نەتىجە يارىتىدىغان يىغىن بولۇشىغا تىلەكداشمىز ھەمدە شۇنداق بولۇشىغا چىن يۈرىكىمىزدىن ئىشىنىمىز. بىز ھەممىڭلار ئۈچۈن ۋە پۈتۈن سەرقىي تۈركىستان داۋاسىغا خىزمەت قىلىۋاتقانلار ئۈچۈن مۇۋاپىقىيەت تىلەيمىز.

سەئۇدى ئەرەبىستان ـ مەككە مۇكەررەمە
رادىيو ئىستانسى تۈركىستانچە بۆلۈمگە ۋاكالىتەن:
ئابدۇلئەھەد ئىلى
سىراجىددىن ئەزىزى

12 ـ ئۆكتەبىر 1999 ـ يىل سەيشەنبە

ياشىسۇن شەرقىي تۈركىستان داۋاسى!
يوقالسۇن ئىستىبداتچى خىتايلار ساداسى!

# ۋەتەندىن مىللىي قۇرۇلتايغا يېزىلغان مەكتۇپ

( مەزكۇر مەكتۇپ، ۋەتەن ئىچىدىكى خەلقىمىز تەرىپىدىن بۇقېتىم گىرمانىيەدە چاقىرىلغان مىللى قۇرۇلتايغا ئاتاپ مەخسۇس يېزىلغان بولۇپ، بۇ خەت مىللى قۇرۇلتاينىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ۋە « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ رەئىسى ئابدۇجېلىل قاراقاش ئەپەندى ئارقىلىق قۇرۇلتاي ئەھلىگە يەتكۈزۈلدى ۋە قۇرۇلتاينىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا يىغىن رىياسەتچىسى دولقۇن ئەيسا تەرىپىدىن ئوقۇپ ئۆتۈلدى )

ھۆرمەتلىك ئابدۇجېلىل ئاكا، سىز ئارقىلىق قۇرۇلتاي ئەھلىگە:

خېتىمىزنىڭ بېشىدا، ۋەتەن ئىستىقلالى ئۈچۈن بىر ئۆمۈر كۆرەش قىلغان سابىت داموللام، خوجا نىياز ھاجى، ئېلىخان تۆرە، ئەخمەتجان ئەفەندىم، مەھەممەت ئىمىن بۇغرا، ئەيسا ئالىپ تېكىن ... قاتارلىق پېشقەدەملىرىمىزگە ئاللاھتىن رەھمەت تىلەپ ۋە ئۇلارنى چوڭقۇر ياد ئېتىش بىلەن بىرگە، ئۇلارنىڭ ئىزىدىن كېلىۋاتقان شەرقى تۈركىستان خەلقىنىڭ بارلىق ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى ئۆزىگە يۈكلەپ، بۈگۈن گىرمانىيەگە توپلانغان بارلىق قۇرۇلتاي ئەھلىگە ئاللاھتىن رەخمەت تىلەپ، ئالى ئېھتىرام بىلدۈرىمىز ۋە سىزلەردىن تۆۋەندىكىدەك ئۈمۈتلەرنى كۈتۈمىز:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



« ئۇيغۇر » دېگەن مۇبارەك نامىمىزغا مۇناسىپ ھەربىرىڭلاردىن شەخسىي مەنپەئەتتىن كېچىپ، ۋەتەن ـ مىللەتنىڭ مەنپەئەتىنى ھەممىدىن ئەلا بىلىپ، مۇشۇ سايلامغا قاتنىشىۋاتقان ھەر بىر ئىنسان، ۋىژدان ئەھلى ۋەتىنىمىزدە قىزىل كوممۇنىستلىرىنىڭ ئىنسان قېلىپىدىن چىققان زۇلۇملىرى ئاستىدا ئىڭراۋاتقان، خورلىنىۋاتقان مەزلۇم خەلقىنىڭ ئاھۇ ـ زارىنى ئۇنتۇماي، ۋەتىنىمىزگە، خەلقىمىزگە داھىي بولۇشقا مۇناسىپ كىشىلەرنى سايلاپ، ياخشى بىر ھۆكۈمەت قۇرۇپ چىقىشىڭلارنى ئۈمىت قىلىمىز. شەيتاننىڭ ئازدۇرۇشى بىلەن، قابىلىيىتى يەتمىسىمۇ ئەمەل تاماسىغا چۈشكەن ھەر قانداق ئىنسان، ۋەتىنىمىزنىڭ تۈرمىسىدە دەھشەتلىك قىيىن ـ قىستاقلار دەستىدىن ئۆلۈۋاتقان، پۈتكۈل تىرناقلىرى سۇغۇرلىۋاتقان ھالدىمۇ تىز پۈكمەي، ئازاپقا چىداۋاتقانلارنى ھەم ئىچكى ئەزالىرى سۆكۈلۈپ خىتاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىگە سېتىلىۋاتقان باللارنى، موسۇلمان بولغانلىقى ئۈچۈن ئىش ئورنىدىن قوغلىنىۋاتقان، سەرسان بولۇۋاتقان زىيالىرىمىزنى، ھاشا ـ سېلىق دەستىدىن، مەجبۇرىيەت ئەمگەك دەستىدىن كۈن ئېلىشقا ئامالسىز قېلىپ، خىتاينىڭ ئىچكىرى ئۆلكىلىرىگە بېرىپ مەدىكارچىلىق قىلىۋاتقان، قوغلۇنۇپ سەرسان بولۇۋاتقان كىشىلىرىمىزنىڭ ئاھۇ ـ زارىنى ئويلاپ ۋە كۆزئالدىغا كەلتۈرۈپ، ھەقىقى قابىلىيەتلىك كىشىلەرگە ئورۇن بېرەيلى.

2 . خىتتايغا تاقابىل تۇرۇشتا ، تېنچلىق، دېموكراتىك ئۇسۇللار بىلەن قوراللىق قارشى تۇرۇشنىڭ ھەر ـ ئىككىلىسىدە چىڭ تۇرۇشنىڭ زۆرۈرلىگىنى ئۇنتۇپ قالمايلى. چۈنكى خىتتاي ھىچ قاچان ئۆز خەلقىگىمۇ دېموكراتىيە، ئىنسان ھەق ـ

---

« شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نەشر قىلدى

ھوقوقى بىرىپ باققان ئەمەس. نوقۇل ھالدا قوراللىق توقۇنۇش قىلىشقا خەلقىمىز تېخى تەييار ئەمەس. خەلقارا جامائەتچىلىكتىمۇ تەسىرى ياخشى بولمايدۇ. شۇڭلاشقا، ئىچكى جەھەتتە ھەر ـ خىل ۋاستىلەرنى قوللۇنۇپ، خىتتايلارغا بىر كۈنمۇ ئاراملىق بەرمەسلىك، شۇ ئارقىلىق خەلقارادا تەسىر قوزغاپ، دېموكراتىك دۆلەتلەرنىڭ خىتتايغا بىسىم ئىشلىتىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، خىتتاينى يول قويۇشقا مەجبۇرلاش كىرەك. ھەر بىرىڭلارنىڭ ۋەتەننىڭ كىلەچىكى توغرۇسىدىكى پىلانلىرىڭلاردا بۇ پىكرىمىزنى ئويلۇشۇپ كۆرۈشۈڭلارنى ئۈمىد قىلىمىز.

3. قۇرۇلتايدا ھۆكۈمەت سايلاپ چىقىلغاندىن كيىن، بارلىق ئىمكانىيەتلەردىن پايدىلىنىپ تەشۋىقات سالمىغىنى كۈچەيتىپ، كىشىلەرنىڭ ۋەتەنگە بولغان تۇيغۇسىنى ئويغۇتۇپ، ۋەتىنىمىزنىڭ مۇستەقىللىقىغا بولغان ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزۇپ، ۋەتىنىمىزنى ئاۋال بارلىق شەرقى تۈركىستانلىقنىڭ قەلبىدە ئازات قىلىشىمىز لازىم.

ئاخىردا قۇرۇلتايغا قاتناشقان بارلىق ۋەتەنپەرۋەر زاتلىرىمىزغا ئۇلۇغ ئاللاھدىن سالامەتلىك، ئىشلىرغا ئۇتۇغ تىلەيمىز. مىليۇنلىغان شەرقى تۈركىستانلىقنىڭ مۇستەقىللىق ئارزۇسى ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ يىتەكلىشىدىن قالسا، ھەر ـ بىرىڭلارنىڭ يىتەكلىشىگە مۇھتاج.

ئىنشائاللاھ، ئاللاھ بىزلەرنى پات ئاردا ۋەتىنىمىزدە ئاي ـ يۇلتۇزلۇق كۆك بايراقنىڭ ئاستىدا جەم قىلغاي!

دەپ ۋەتەنداشلاردىن.

ئۇچقۇن

1999 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى.

# « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ رەسمى ۋەكىللىرىنىڭ تىزىملىكى

| | |
|---|---|
| 1 . ئامېرىكا | 1 |
| 2 . ئاۋۇستىرالىيە | 1 |
| 3 . شىۋىتسارىيە | 2 |
| 4 . شىۋىتسىيە | 2 |
| 5 . تۈركىيە | 14 |
| 6 . سەئۇدى ئەرەبىستان | 1 |
| 7 . قازاقىستان | 4 |
| 8 . قىرغىزىستان | 1 |
| 9 ـ ئۆزبەكىستان | 1 |
| 10 . گېرمانىيە | 8 |

جەمئى 10 دۆلەت، 35 ۋەكىل

## ئامېرىكا

1 . غۇلامىدىن ئەخمەت پاختا ــ ( « ئامېرىكا ئۇيغۇرلار بىرلىكى » نىڭ رەئىسى )

## ئاۋۇستىرالىيە

1 . ئەخمەت ئىگەمبەردى ـ (« ئاۋۇستىرالىيە شەرقىي تۈركىستان جەمىيتى » نىڭ رەئىسى )

## شىۋىتسارىيە

1 . ئەنىۋەر راخمان ــ ( ۋەكىل )
2 . كېرەم شېرىپ ــ ( ۋەكىل )

## شىۋىتسىيە

1 . فاروۇق سادىق ــ ( « شىۋىتسىيە شەرقىي تۈركىستان جەمىيتى » نىڭ رەئىسى )
2 . رەھىم ــ ( « شىۋىتسىيە شەرقىي تۈركىستان جەمىيتى » نىڭ ۋەكىلى )

## تۈركىيە

1 . مۇھەممەت رىزا بېكىن ــ ( « شەرقىي تۈركىستان ۋەخپى » نىڭ رەئىسى )

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com



2 . ئابلىكىم باقى ـــ ( « شەرقىي تۈركىستان ھەمكارلىق جەمىيىتى » نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى )
3 . ھاجى ياقۇپ ـ ( ئالاھىدە ۋەكىل )
4 . ئابلىمىت تۇرسۇن ـ ( ئالاھىدە ۋەكىل )
5 . جامال ئىلانچى ـ ( ۋەكىل )
6 . سەيپۇللا ھاجىم ـ ( « شەرقىي تۈركىستان ۋەخپى » نىڭ ۋەكىلى )
7 . ھامۇتخان كۆكتۈرۈك ـ ( « شەرقىي تۈركىستان ۋەخپى » نىڭ ۋەكىلى )
8 . قادىر ئاھان ـ ( ۋەكىل )
9 . ئەركىن ئەكرەم ـ ( « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » نىڭ ۋەكىلى )
10 . ئابدۇرېشىت ئابدۇل ھېمىت ـــ ( « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلار قۇرۇلتىيى » نىڭ ۋەكىلى )
11 . ھاشىمجان ـ ( « تۈركىيە ئوقۇغۇچى ياشلار بىرلىكى » نىڭ ۋەكىلى )
12 . مۇرات ئاخۇنباي ـــ ( « شەرقىي تۈركىستان ھەمكارلىق جەمىيىتى » نىڭ ۋەكىلى )
13 . ئىسمايىل چىڭگىز ـ ( « تۈركىيە ئاۋراسىيا فېدېراتسىيونى » نىڭ ۋەكىلى )
14 . ئەركىن ئەمەت ـ ( « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ تۈركىيەدىكى ۋاكالەتچىسى )

## سەئۇدى ئەرەبىستان

1 . ھۈسەيىن قارى ئىسلامى ـ ( ئالاھىدە ۋەكىل )

## قازاقىستان

1 . دىلبىرىم سامساقوۋا ـــ ( « قازاقىستان نوزۇگۇم فوندا جەمىيتى » نىڭ رەئىسى )
2 . قەھرىمان غوجامبەردى ـــ ( « قازاقىستان ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى » نىڭ رەئىسى )
3 . سابىت ئابدۇراخمان ـ ( « ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى » نىڭ رەئىسى )
4 . گۈلنۇر جالانوۋا ـــ ( قازاقىستاندىكى « نوزۇگۇم فوندا جەمىيتى » نىڭ ئەزاسى )

## قىرغىزىستان

1 ـ تۇرسۇن ئىسلام ـ ( « بىشكەك شەھەرلىك ئىنسان ھەقلىرى كومۇتېتى » نىڭ مەسئۇلى )

## ئۆزبېكىستان

1 ـ سېيىتجان سېيىتوپ ( ۋەكىل )

## گېرمانىيە

1 . ئەسقەرجان ـــ ( « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ رەئىسى )

2 . ئابدۇجېلىل قاراقاش ـ (« شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ رەئىسى )
3 . دولقۇن ئەيسا ــ ( « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى ئىجرائىيە كومىتېتى » نىڭ رەئىسى )
4 . پەرھات مۇھەممەدى ــ ( « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ باش كاتىۋى )
5 . ئەنۋەرجان ــ ( « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ غەزىندارى )
6 . ئابلىكىم خوتەن ــ ( « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى فوندى » نىڭ رەئىسى )
7 . مەرھابا ئىسمايىلوۋا ــ ( « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ ۋەكىلى )
8 . ئۆمەرجان بومبا ــ ( « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » نىڭ ۋەكىلى )

# قۇرۇلتاينىڭ نىزامنامە لايىھەسى قاراپ چىقىلىپ ماقۇللاندى

مىللىي قۇرۇلتاينىڭ 2 ـ كۈنى، يەنى 10 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى گېرمانىيە ۋاقتى ئەتىگەن سائەت 8.30 دىن ئېتىبارەن قۇرۇلتاينىڭ رەسمى ۋەكىللىرى ( جەمئى 28 نەپەر ۋەكىلى ) « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ ئىشخانىسىغا جەم بولۇپ، قۇرۇلتاينىڭ رەسمى كۈنتەرتىپى بويىچە قۇرۇلتاينىڭ نىزامنامە لايىھەسىنى مۇزاكىرە قىلىشقا باشلىدى. بۇقېتىمقى قۇرۇلتايغا سۇنۇلغان نىزامنامە لايىھەسى، « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى »، « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » ۋە « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » قاتارلىق 3 تەشكىلات تەرىپىدىن ھازىرلاپ چىقىلغان ئورتاق لايىھە بولۇپ، يۇقارقى 3 تەشكىلات مەزكۇر لايىھىنى تەييارلاشتا، « شەرقىي تۈركىستان مىللى مەركىزى »، « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى »، تۇنجى نۆۋەتلىك « خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللى قۇرۇلتىيى » ... قاتارلىق كۆپلىگەن تەشكىلات ۋە ئورگانلارنىڭ نىزامنامىسىدىن ۋە ئەركىن ئالپتېكىن قاتارلىق مەشھۇر شەخسلىرىمىز تەرىپىدىن تۈزۈپ چىقىلغان بەزى لايىھەلەردىن مۇۋاپىق شەكىلدە پايدىلانغان ئىدى. شۇڭا بۇ نىزامنامە لايىھەسى قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىنىڭ ئالقىشىغا سازاۋەر بولدى ۋە بۇقېتىمقى مىللى قۇرۇلتاينىڭ بىردىن ـ بىر نىزامنامە لايىھىسى سۈپىتىدە مۇزاكىرىگە قويۇلدى. بۇنىزامنامە جەمئى 23 چوڭ ماددىدىن ۋە 100 دىن ئارتۇق پىراگىراپتىن تەركىپ تاپقان.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يىپىق ئۆتكەن بۇقىتىمقى مۇزاكىرە جەريانىدا، ئالدى بىلەن نىزامنامە لايىھەسىنىڭ 1 ـ ماددىدىسى، يەنى بۇقېتىم قۇرۇلىدىغان ئورگاننىڭ نامى تالاش ـ تارتىش قىلىندى. نىزامنامە لاھىيىسىدە ئورگاننىڭ نامى ـ شەرقىي تۈركىستان مىللى قۇرۇلتىيى دەپ ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئىدى، ئەمما قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى يەنە ئوخشىماغان تەكلىپلەرنى ئوتتۇرىغا قويۇشتى. ئاساسەن تۆۋەندىكىدەك 3 خىل تەكلىپ ئوتتۇرىغا قويۇلدى:

( 1 ) دۇنيا ئۇيغۇرلىرىنىڭ ۋەتەن قۇتقۇزۇش كومۇتىتى ؛ بۇتەكلىپ، قازاقىستاندىكى ئۇيغۇرىستان ئازاتلىق تەشكىلاتى نىڭ رەئىسى سابىت ئابدۇراخمان تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلدى.

( 2 ) شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللى قۇرۇلتىيى ؛ بۇتەكلىپ، ئاۋۇستىرالىيە شەرقىي تۈركىستان جەمىيتى نىڭ رەئىسى ئەخمەت ئىگەمبەردى ۋە مەشھۇر جامائەت ئەربابىمىز هاجى ياقۇپ ئانات تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلدى، يەنى ئۇلار، شەرقىي تۈركىستان دىگەن نامنىڭ ئارقىغا تىرناق ئىچىدە ( ئۇيغۇرىستان ) دىگەن سۆزنى ئىلاۋە قىلىپ قويۇش پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى.

( 3 ) شەرقىي تۈركىستان مىللى قۇرۇلتىيى ؛ بۇتەكلىپ، ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى ، دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى ۋە شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى قاتارلىق 3 تەشكىلات تەرىپىدىن هازىرلانغان ئورتاق لايىھەدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان نام ئىدى.

مۇزاكىرىدە ۋەكىللەرنىڭ تەكلىۋىگە ئاساسەن، قول كۆتۈرۈپ ئوچۇق ئاۋاز بېرىش ئۇسولى ئارقىلىق قارار ئېلىش يولغا قويۇلدى، نەتىجىدە ئومومى ۋەكىللەرنىڭ بېرىمىدىن كۆپىرەكىنىڭ قوشۇلۇشى بىلەن، يۇقارقى 2 ـ لاھىيە، يەنى شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللى قۇرۇلتىيى دەپ ئاتاش رەسمى قارارلاشتۇرۇلدى.

نىزامنامە لايىھەسىنىڭ 1 ـ ماددىسى ماقۇللۇنۇپ بولغاندىن كېيىن، 2 ـ ماددە مۇزاكىرىگە ئېچىلدى. لاھىيەنىڭ 2 ـ ماددىسىدا، مىللى قۇرۇلتاينىڭ مەركىزى ـ گېرمانىيەنىڭ ميونخىن شەھرىدە دەپ كۆرسۈتۈلگەن ئىدى. مەزكۇر تەكلىپ پۈتۈن ۋەكىللەرنىڭ بىردەك ئاۋاز قوشۇشى بىلەن تولۇق ماقۇللاندى.

بۇيەردە شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتۈش زۆرۈركى، مىللى قۇرۇلتىيىمىزنىڭ مەركىزىنىڭ گېرمانىيەدە قىلىپ قارارلاشتۇرۇلغانلىقى، ۋەتەن سىرتىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان 50 يىللىق مىللى مۇجادىلە تارىخىمىزدىكى زور بىر سىياسى ۋەقەدىن ئىبارەت بولۇپ، بۇ، مىللى داۋايىمىزنى خەلقئارالاشتۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىشتە پەۋقۇلاددە تارىخي ئەھمىيەتكە ئىگە. چۈنكى مىللى داۋايىمىزنى ختايغا سىياسى، ئىقتىسادى جەھەتتىن بېقىنمايدىغان، ختايغا ھېچبىر جەھەتتىن مۇھتاجلىقى بولمىغان ۋە ختاينىڭ تەھدىدىدىن قورقمايدىغان غەربىي باشچىلىقىدىكى كۈچلۈك دۆلەتلەردە ئېلىپ بېرىش ـ ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى خەلقىمىزنىڭ ئورتاق تەلىۋى ۋە ئارزۇسى بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يىللاردىن بۇيان بىزنىڭ داۋايىمىزغا يار،دەم بېرىۋاتقان، قوللاۋاتقان ۋە

www.uyghurkitap.com



ھېسداشلىق قىلىۋاتقان چەتئەللىك دوستلىرىمىزنىڭمۇ ئورتاق قارىشى ئىدى. بۇنىڭ جانلىق مىساللىرىنىڭ بىرى شۇكى، دالاي لاما باشچىلىقىدىكى تىبەت خەلقى 50 يىللاردا چەتئەلگە قېچىپ چىققاندىن كېيىن، ئىزچىل تۇردە ھىندىستاننى مەركەز قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ داۋاسىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە ئاڭلىتىشقا تىرىشىپ كەلگەن بولسىمۇ، ئەمما دىگەندەك مۇۋاپىقىيەتكە ئېرىشەلمىگەن ئىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇلار 80 يىللاردىن ئېتىبارەن ستراتېگىيىسىنى ئۆزگەرتىپ، مۇجادىلە مەركىزىنى ھىندىستاندىن شۋېتسارىيەگە يۆتكەپ كەلدى ۋە دالاي لاما ئۆزى شەخسەن غەرىپ دۆلەتلىرىگە يەرلىشىپ، نەچچە مىڭلىغان تىبەتلىكنى ھىندىستاندىن شۋېتسارىيەگە يۆتكەپ كېلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ، مىللىي مۇجادىلىسىنى ئۇختۇلۇق ھالدا غەرىپ ئەللىرىدە قانات يايدۇردى، نەتىجىدە تىبەت داۋاسى غەرىپ دۇنياسىدا تېزلا روناق تېپىپ، قىسقىغىنە 10 نەچچە يىل ئىچىدە تىبەت ۋە تىبەتلىكلەر دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ ئەڭ موھىم دىققەت ئۇختىسىغا ئايلاندى، دالاي لامانىڭ نوبىل تىنچلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشىشى بىلەن تىبەت داۋاسى ئەڭ يۇقۇرى پەللىگە كۆتۈرۈلدى. ھازىر پۈتۈن غەرىپ ئەللىرىدە تىبەتلىكلەرنى بىلمەيدىغانلار يوق، تىبەت داۋاسىمۇ ئاساسەن چەتئەللىكلەر تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلماقتا. ئىنشا ئاللا بىزنىڭ مىللىي داۋايىمىزمۇ يېقىن كەلگۈسىدە غەرىپ دۇنياسىدا خۇددى تىبەت داۋاسىدەك تېگىشلىك يېرىنى ئالار!

توپ - توغرا بىر كۈن داۋام قىلغان يېپىق مۇزاكىرە ئارقىلىق، مىللىي قۇرۇلتاينىڭ نىزامنامە لايىھەسى قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى

تەرىپىدىن تولۇق تەستىقلاندى ۋە بۇ نىزامنامە 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن رەسمى كۈچكە ئىگە قىلىندى.

قۇرۇلتاينىڭ نىزامنامىسىغا ئاساسەن، ۋاقىتىمچە مىللىي قۇرۇلتاي قارمىقىدا تۆۋەندىكىدەك ئورگانلار تەسىس قىلىندى:

( 1 ) قۇرۇلتاي رەئىسلىكى ( بىرنەپەر رەئىس ۋە 2 نەپەر مۇئاۋىن رەئىس )

( 2 ) قۇرۇلتاي دائىمى كومىتېتى ( 15 نەپەر ئەزادىن تەركىب تاپىدۇ )

( 3 ) مەسلىھەتچىلەر كېڭىشى ( بىرنەپەر رەئىس ۋە بىرقانچىلىغان مەسلىھەتچىلەردىن تەركىب تاپىدۇ )

( 4 ) تەپتىش ھەيئىتى ( بىرنەپەر باش تەپتىش ۋە 2 نەپەر تەپتىشتىن تەركىب تاپىدۇ )

( 5 ) باش كاتىپلىق ( بىرنەپەر باش كاتىپ، بىرنەپەر مۇئاۋىن باش كاتىپ ۋە 7 نەپەر خىزمەت باشقارمىسىدىن تەركىب تاپىدۇ)

( 6 ) ۋەتەن فوندى ( بىرنەپەر رەئىس ۋە 4 نەپەر مۇئاۋىن رەئىستىن تەركىب تاپىدۇ )

قۇرۇلتاينىڭ نىزامنامىسىنىڭ روھىغا ئاساسەن، مىللىي قۇرۇلتاي ھەر 2 يىلدا بىرقېتىم تورپلىنىدۇ ۋە قۇرۇلتاينىڭ ئورگانلىرىغا سايلانغانلارنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى 2 يىل بولىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىزامنامىسى

( ئۇشبۇ نىزامنامە، 1999 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن 14 ـ كۈنىگىچە گېرمانىيەنىڭ مىيۇنخېن شەھرىدە چاقىرىلغان 2 ـ نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى ۋەكىللىرى تەرىپىدىن مۇزاكىرە قىلىنىپ ماقۇللاندى ۋە 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن رەسمى كۈچكە ئىگە قىلىندى. )

## 1 . تەشكىلات نامى

تەشكىلات نامى ( ئورگانىنىڭ نامى ) ـــ شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى.

## 2 . مىللىي قۇرۇلتاينىڭ مەركىزى

مىللىي قۇرۇلتاينىڭ مەركىزى ـــ گېرمانىيەنىڭ مۇيۇنخېن شەھرىدە

## 3 . مىللىي قۇرۇلتاينىڭ شۆبە ۋە ۋاكالەتچىلىرى

ھەر قايسى دۆلەتلەردە، مىللىي قۇرۇلتايغا قاراشلىق بىردىن شۆبە ياكى ۋاكالەتچىلەر تەسىس قىلىنىدۇ، بۇ شۆبىلەر ياكى ۋاكالەتچىلەر شۇ دۆلەتلەردە مىللىي قۇرۇلتايغا ۋاكالەتلىك قىلىدۇ.

## 4 . مىللىي قۇرۇلتاينىڭ گىربى

مىللىي قۇرۇلتاينىڭ گىربى ـــ 1933 ـ يىلى قەشقەردە قۇرۇلغان « شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى » تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان دۆلەت گىربىدىن ئىبارەت.

## 5 . مىللىي قۇرۇلتاينىڭ مەقسىدى:

شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىنسانى ھەق ـ ھوقوقلىرىنى قوغداش، ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقوقىنى قولغا كەلتۈرۈش ۋە شەرقىي تۈركىستاننىڭ تولۇق مۇستەقىللىقى ۋە ئەركىنلىكى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ.

## 6 . مىللىي قۇرۇلتاينىڭ سالاھىيتى:

مىللىي قۇرۇلتاي ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى بارلىق شەرقىي تۈركىستان خەلقارادىكى بىردىن ـ بىر تولۇق ھوقوقلۇق ئالىي ئورگىنى بولۇپ، ئۇ ـ ۋەتەن سىرتىدىكى بارلىق شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىغا سىياسىي جەھەتتىن رەھبەرلىك ۋە يېتەكچىلىق قىلىدۇ.

## 7 . مىللىي قۇرۇلتاينىڭ پىرىنسىپلىرى:

مىللى قۇرۇلتاي ـــ شەرقىي تۈركىستاننىڭ مىللى داۋاسىنى يۈرگۈزۈشتە، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى ئىنسان ھەقلىرى

ئومومىي بايانىنامىسى ۋە بارلىق خەلقارالىق تەشكىلاتلارنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي، دىنىي ۋە مەدىنىي ھەقلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان پۈتۈن شەرتنامىلىرىنىڭ روھىغا ھۆرمەت قىلىش ئاساسىدا، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ بەخت ـ سائادىتى ۋە مۇستەقىللىقى ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ.

## 8 . مىللىي قۇرۇلتاينىڭ خىزمەت دائىرىسى:

( 1 ) شەرقىي تۈركىستان مىللىي ئازاتلىق ھەركەتلىرىنىڭ ئورتاق ستراتېگىيەسىنى تۈزۈش ۋە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن كۈرەش قىلىدۇ.

( 2 ) شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى خەلقئارالاشتۇرۇش ئۈچۈن زۆرۈر بولغان ھەر تۈرلۈك پائالىيەتلەرنى ئېلىپ بارىدۇ.

( 3 ) مىللىي قۇرۇلتاي ـــ ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇستەملىكىچى خىتايغا قارشى پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان بارلىق تەشكىلاتلىرىمىز بىلەن زىچ مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ.

( 4 ) دۇنيادىكى پۈتۈن خەلقارا تەشكىلاتلار بىلەن ۋە بىزگە ھېسداشلىق قىلىۋاتقان دۆلەت، رايون، پارتىيە، گورۇھ ، جەمىيەت ۋە ئاتاغلىق ئەربابلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەت ئورنىتىدۇ ۋە ھەمكارلىشىدۇ.

( 5 ) مىللىي قۇرۇلتاي شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ۋە ئىنسانىي ياشاش ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلغان ، ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلغان خىتاي ئىچى ۋە سىرتىدىكى بارلىق خىتاي دېموكراتىك تەشكىلاتلىرى ۋە زاتلىرى بىلەن يېقىندىن ھەمكارلىشىدۇ.

( 6 ) مىللىي قۇرۇلتاي ــ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ھەر قايسى ساھەلەردە جىددىي يولغا قويۇۋاتقان تالان ـ تاراج ۋە ئاسسىمىلاتسىيە قىلىش، خىتاي كۆچمەنلىرى يۆتكەش سىياسەتلىرىنى يېقىندىن كۆزىتىپ ۋە تەتقىق قىلىپ ، ئەمىلىي پاكىتلار ئارقىلىق بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتى باشچىلىقىدىكى پۈتۈن خەلقارالىق تەشكىلاتلارنى ، شۇنداقلا دۇنيا جامائەتچىلىكىنى ۋاقتىدا خەۋەردار قىلىشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

مىللىي قۇرۇلتاي ، شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ چەتئەلدىكى تولۇق ھوقوقلۇق ۋەكىلى ۋە باياناتچىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ۋەتەن ئىچىدىكى خەلقىمىزنىڭ ئىنسان ھەقلىرىگە مۇناسىۋەتلىك ھەر بىر ئارزۇ ، ئۈمىد ، تەلەپ ، ئىستەك ۋە نارازىلىقىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ ، ئۇنى مۇناسىۋەتلىك خەلقارا تەشكىلاتلارغا ۋاقتىدا يەتكۈزۈشكە ۋە ئۇنىڭ جاۋابىنى سۈرۈشتۈرۈپ ئىلىشقا تىرىشىدۇ.

( 7 ) مىللىي قۇرۇلتاي ـ خىتاي ھۆكۈمىتىنىڭ مۇستەملىكىچى سىياسىتى نەتىجىسىدە ، شەرقىي تۈركىستاندا يۈز بەرگەن ئىنسان ھەقلىرىگە زىت ۋەكىل خارەكتېرلىك پاجىئەۋەقەلەرگە قارىتا ، خىتاي ھۆكۈمىتىگە ئىنكاس قايتۇرۇشقا ۋە نارازىلىق بىلدۈرۈشكە كاپالەتلىك قىلىدۇ.

( 8 ) مىللىي قۇرۇلتاي ـ ھەر قايسى دۆلەتلەردە ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ، مىللىي ئالاھىدىلىكلىرىنى قوغداش ھەم تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىرگە ، شەرقىي تۈركىستانغا خىزمەت قىلىدىغان ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈش ئۈچۈن ماھارىپ ئىمكانلىرىنى يارىتىپ بىرىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



( 9 ) شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى سىياسىي، ئىقتىسادىي، دىنىي ۋە ئىقتىسادىي ئەھۋاللىرىنى تەتقىق قىلىدىغان ئىلمىي تەتقىقات مەركەزلىرى ۋە ئورگانلىرىنى قۇرۇشقا تىرىشىدۇ.

(10 ) خەلقارىدىكى جىددىي سىياسىي ئۆزگىرىشلەرنى، شۇنداقلا خىتاي ھۆكۈمىتى ۋە شەرقىي تۈركىستان ھەققىدە ئوتتۇرىغا قويۇلغان نوختىلۇق مەسىلىلەرنى ۋاقتىدا تەتقىق قىلىپ ۋە رەتلەپ چىقىپ، خەلقىمىزگە بىۋاستە ياكى ۋاستىلىق يەتكۈزۈپ تۇرۇشقا كاپالەتلىك قىلىدۇ.

( 12 ) مىللىي قۇرۇلتاي، شەرقىي تۈركىستان خەلقى بىلەن تەغدىرداش بولغان تىبەت، ئىچكى موڭغۇلىيە، مانجۇرىيە خەلقلىرىنىڭ ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقوقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەققانى كۈرەشىنى قوللاپ قۇۋۋەتلەيدۇ ۋە ئۇلار بىلەن يېقىندىن ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتىدۇ.

( 13 ) مىللىي قۇرۇلتاي تۈرلۈك خەلقارالىق كونفىرانسىلارنى ئۇيۇشتۇرۇپ ئىلمىي مۇھاكىمە ۋە خاتىرلەش يىغىنلىرىنى ئۆتكۈزۈش، نامايىش قىلىش، ھەر تۈرلۈك ئاخبارات ۋاستىلىرىدىن پايدىلىنىپ، دۇنيا جامائەتچىلىكىنىڭ، شەرقىي تۈركىستانغا بولغان دىققەت ـ ئېتىۋارىنى قوزغاشقا، شۇنداقلا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تارىخىنى ۋە مەدەنىيىتىنى تونۇتۇشقا تىرىشىدۇ.

( 14 ) مىللىي قۇرۇلتاي، ھەر قايسى دۆلەتلەرنىڭ مىللىي پارلامېنتلىرى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ھەرقايسى كومىتېتلىرى، ياۋروپا پارلامېنتى ۋە خەلقارا تەشكىلاتلار بىلەن يېقىن مۇناسىۋەتتە بولۇپ ۋە خەلقارا تەشكىلاتلارغا ئەزا بولۇپ،

ئاكتىپ رول ئوينىغان بىلەن بىللە، بۇ خەلقئارالىق تەشكىلاتلارنىڭ، خىتتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى غەيرى ئىنسانىي سىياسەتلىرىگە قارشى قارارلار چىقىرىشىغا، شەرقىي تۈركىستانغا مەخسۇس كۆزەتكۈچىلەرنى ئەۋەتىپ، ۋەقەلەرنى نەقمەيداندا كۆزىتىش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق دوكلات ھازىرلاپ چىقىشىنى ۋە بۇ دوكلاتلارنىڭ خەلقارا مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنىپ، دۇنياۋى جامائەت پىكرى توپلاشنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىدۇ.

## 9 . مىللىي قۇرۇلتاينىڭ ھوقوق دائىرىسى:

( 1 ) مىللىي قۇرۇلتاي ـــ شەرقىي تۈركىستان مىللىي ھەركىتىنىڭ مۇھاجىرەتتىكى ئەڭ يۈكسەك سىياسىي ۋە تەشكىلىي ئورگىنى؛

( 2 ) مىللىي قۇرۇلتاي 2 يىلدا بىر قېتىم توپلىنىدۇ؛

( 3 ) مىللىي قۇرۇلتاينىڭ رەئىسى ۋە 2 نەپەر مۇئاۋىن رەئىسلىرى مىللىي قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى تەرىپىدىن سايلاپ چىقىلىدۇ.

( 4 ) مىللىي قۇرۇلتاي رەئىسى ۋە مۇئاۋىن رەئىسلىرىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى 2 يىل بولىدۇ، مۇئاۋىن رەئىستىن بىرى رەئىس ۋەكىلى بولۇپ سايلىنىدۇ.

( 5 ) مىللىي قۇرۇلتاي قارمىقىدىكى تەشكىلاتلار ئۆزلىرىنىڭ نىزامنامە ۋە پروگراممىلىرىدا بەلگىلەنگەن مەقسەت ۋە ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنلاشتا مۇستەقىل ھەرىكەت قىلىش ھوقوقىغا

ئىگە، ئەمما مىللىي قۇرۇلتاينىڭ نىزامنامىسى ۋە پروگراممىلىرىغا زىت كەلمەسلىكى كېرەك.

( 6 ) مىللىي قۇرۇلتاينىڭ سايلاش شەكلى مەخپىي ئاۋاز بېرىش ياكى قول كۆتۈرۈپ ئوچۇق ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلى بىلەن بولىدۇ. مىللىي قۇرۇلتايدا رەھبەرلىككە سايلانغان كىشىلەر جەزمەن ئومومىي ۋەكىللەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنىڭ ئاۋازىغا ئىگە بولۇشى كېرەك.

( 7 ) جىددىي ئەھۋال ئاستىدا قۇرۇلتاي مەركىزى كومىتېتى ئەزالىرىنىڭ 3 تە 2 ئاۋاز كۆپلىكى بىلەن ياكى قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنىڭ تەكلىپى بىلەن پەۋقۇلاددە قۇرۇلتاي چاقىرىلىدۇ.

## 10. مىللىي قۇرۇلتاينىڭ ۋەكىللىرى:

مىللىي قۇرۇلتاينىڭ نىزامنامىسىنى ھەم قائىدە - پرىنسىپلىرىنى ئېتىراپ قىلغان ۋە ئۇنىڭغا رىئايە قىلغان ھەر بىر شەرقىي تۈركىستانلىق، مىللىي قۇرۇلتايغا ۋەكىل بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە بولۇپ، ۋەكىللە :

( 1 ) ھەر قايسى دۆلەتلەردە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرى؛

( 2 ) مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن يەككە پالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان، ئەمما شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئىچىدە بەلگىلىك تەسىرگە ئىگە، ۋەتەن مىللەت داۋاسىدا مەلۇم تۆھپىسى بولغان كىشىلەردىن تەشكىل تاپىدۇ؛

( 3 ) ۋەكىل نامزاتلىرى، ھەرقايسى ئەلدە پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ۋە جامائەت ئەرباپلىرىنىڭ ئىچكى سايلىمى ئارقىلىق كۆرسىتىپ بېرىلىدۇ. مىللى قۇرۇلتاينىڭ ۋەكىللىرى 2 يىلدا بىر قېتىم سايلىنىدۇ. مەلۇم سەۋەپلەردىن ئورنى بوش قالغان ۋەكىللەرنىڭ ئورنىغا، شۇ تەشكىلاتتىن ( جامائەتتىن ) يېڭى ۋەكىل سايلىنىدۇ.

( 4 ) مىللىي قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىنىڭ سانى 51 بولۇپ، ھەرقايسى تەشكىلاتلار قۇرۇلتايغا بىردىن 3 كىچە ۋەكىل ئەۋەتىش سالاھىيىتىگە ئىگە، ۋەكىللەر قۇرۇلتاي دائىمى كومىتېتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ.

## 11 . ۋەكىللەرنىڭ ھوقوقى ۋە مەجبۇرىيتى:

( 1 ) ۋەكىللىك سۈپىتى بىلەن قۇرۇلتاينىڭ پۈتۈن پائالىيەتلىرىگە قاتنىشىدۇ؛

( 2 ) سايلاش ۋە سايلىنىش ھوقۇقىغا ئىگە بولىدۇ؛

(3 ) قۇرۇلتاينىڭ ئومومىي يىغىنىدا ۋە قۇرۇلتاينىڭ ئىجرائاتى جەريانىدا ھەرتۈرلۈك پىكىر ۋە تەكلىپ بېرىش ھوقوقىغا ئىگە بولىدۇ.

(4 ) مىللى قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىنىڭ مەركىزى كومىتېتىنىڭ رۇخسىتىنى ئالماستىن خىتايغا بېرىشى ۋە خىتتاينىڭ ھۆكۈمەت خادىملىرى بىلەن رەسمى ياكى غەيرى رەسمى ئالاقە قىلىشى قەتئى مەنئى قىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com


( 5 ) ۋەكىللەر، مىللىي قۇرۇلتاينىڭ نىزامنامىسىدە كۆرسىتىلگەن پىرىنسىپ، بەلگىلىمىلەرگە قەتئىي بويسۇنۇشى كېرەك؛
( 6 ) قۇرۇلتاي تەرىپىدىن بېكىتىلگەن ۋەزىپىلەرنى شەرتسىز ئورۇنلىشى كېرەك.
(7 ) ئۆزلىرى تۇرۇۋاتقان دۆلەتلەردە مىللىي قۇرۇلتاينىڭ ئىززەت ـ ئابرويىنى مۇھاپىزەت قىلىش مەجبۇرىيىتى بار.

## 12. ۋەكىللىكتىن قالدۇرۇش

ۋەكىللەرنىڭ سالاھىتىنى ئېلىپ تاشلاش قائىدىلىرى مۇنداق:
( 1 ) مىللىي قۇرۇلتاينىڭ نىزامنامىسىگە ۋە قائىدە ـ پىرىنسىپلىرىغا بويسۇنمىغان ھەم قارشى چىققانلار؛
( 2 ) مىللىي قۇرۇلتاي تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنمىغان باشقا تەشكىلاتلارغا ئەزا بولغانلار؛
( 3 ) مىللىي قۇرۇلتاينىڭ بىرلىك ۋە ئىتتىپاقلىقىغا خىلاپ ھەرىكەت قىلغانلار؛
( 4 ) قۇرۇلتاي تەرىپىدىن سايلىنىپ چىقىلغان رەھبەرلەرگە بويسۇنمىغانلار؛
( 5 ) شەرت ـ شارائىتى بار تۇرۇپ قۇرۇلتاينىڭ قارارلىرىنى ۋە قۇرۇلتاي تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى ئورۇندىمىغانلار؛
( 6 ) مىللىي قۇرۇلتاينىڭ قارارى ۋە ھاۋالىسى بولمىغان شارائىتتا ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن ھەر قانداق بىر دۆلەت ، رايون ياكى باشقا بىر تەشكىلات بىلەن شەرتنامە ، كېلىشىم ۋە

توختامنامە ئىمزالىغان ۋە مىللىي قۇرۇلتايغا ۋاكالىتەن بايانات ئېلان قىلغان شەخسلەر ۋەكىللىك سالاھىتى ئېلىپ تاشلىنىدۇ؛

( 7 ) ۋەكىللىكتىن قالدۇرۇش قارارىنى پەقەتلا ئومۇمىي قۇرۇلتاي ياكى مىللىي قۇرۇلتاي مەركىزى كومىتېتى بەلگىلەيدۇ، ھەر قايسى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى رەھبەرلىرىنىڭ مىللىي قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىنى سالاھىيتىدىن قالدۇرۇش ھوقوقى يوق، ئۇلار پەقەتلا ۋەكىللەرنىڭ ۋەكىللىك سالاھىيتىنى ئېلىپ تاشلاش ھەققىدە مىللىي قۇرۇلتاي ياكى مەركىزى كومىتېتقا تەكلىپ بېرىش ھوقوقىغا ئىگە.

## 13. مىللى قۇرۇلتاينىڭ كونتەرتىبى

مىللىي قۇرۇلتايدا تۆۋەندىكى مەزمونلار كونتەرتىپكە قويۇلىدۇ:

( 1 ) مىللىي قۇرۇلتاينىڭ نىزامنامىسىگە تۈزۈتۈش كىرگۈزۈش ۋە ئۇنى ماقۇللاش؛

( 2 ) مىللىي قۇرۇلتاينىڭ خىزمەت پىروگراممىسىنى تۈزۈپ چىقىش ۋە ئۇنى ماقۇللاش؛

( 3 ) قۇرۇلتاي ئورگانلىرىنىڭ خىزمەت دوكلاتىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە ماقۇللاش؛

( 4 ) ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدىغان ۋە قالدۇرۇلىدىغانلارنى ماقۇللاش؛

( 5 ) ۋەتەن فوندىنىڭ كىرىم ـ چىقىم ھېساۋىنى كۆزدىن كۆچۈرۈش ۋە قۇرۇلتاينىڭ ئومۇمى خام ـ چوت پىلانىنى ماقۇللاش؛

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



( 6 ) قۇرۇلتاينىڭ باياناتى ۋە قارارلىرىنى كۆزدىن كەچۈرۈش ۋە ماقۇللاش؛

## 14. قۇرۇلتاينىڭ ئورگانلىرى

( 1 ) مىللىي قۇرۇلتاينىڭ ئورگانلىرى ـــــ قۇرۇلتاي رەئىسلىكى،دائىمى كومۇتېت، مەسلىھەتچىلەر كېڭىشى، تەپتىش ھەيئىتى، باش كاتىپلىق، ۋەتەن فونددىن تەركىپ تاپىدۇ.
( 2 ) مىللىي قۇرۇلتاينىڭ ئورگانلىرى دېموكراتىك پىرىنسىپلارغا تولۇق ئەمەل قىلىدۇ ۋە مىللىي قۇرۇلتايدا ۋەكىللەر تەرىپىدىن دېموكراتىك سايلام ئارقىلىق ۋۇجۇتقا چىقىدۇ.

## 15 . مىللىي قۇرۇلتاي رەئىسى ۋە مۇئاۋىن رەئىسلىرىنىڭ ھوقوق دائىرسى

مىللىي قۇرۇلتاي رەئىسىنىڭ ھوقوقى ۋە ۋەزىپىسى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:
( 1 ) مىللىي قۇرۇلتاينىڭ ئومومى خىزمەتلىرىگە رەھبەرلىك ۋە نازارەتچىلىك قىلىدۇ؛
( 2 ) قۇرۇلتاي قارارلىرىنىڭ ۋە خىزمەت پىروگراممىلىرىنىڭ ئىجرا قىلىنىپ ـ قىلىنمىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ بىرتەرەپ قىلىدۇ.
( 3 ) مىللىي قۇرۇلتاينىڭ ۋاقتىنى ئىلگىرى سۈرۈش ياكى كېچىكتۈرۈش، قۇرۇلتاي ئېچىلىدىغان ئورۇننى بەلگىلەش ۋە كۈنتەرتىپىنى بېكىتىش، قۇرۇلتاي رەھبەرلىرىنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش ۋاقتىنى ئۇزارتىش ياكى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ھەققىدە تەكلىپ

بىرىش سالاھىيىتىگە ئىگە. ئۇنىڭ تەكلىپى دائىمىي كومىتېتنىڭ قارارى ياكى ۋەكىللەرنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكىنىڭ ماقۇللىقى بىلەنلا كۈچكە ئىگە بولالايدۇ.

( 4 ) مىللىي قۇرۇلتاي نامىدىن ھەرقايسى دۆلەت رەھبەرلىرى بىلەن، خەلقئارا تەشكىلاتلار بىلەن ئالاقە باغلايدۇ، پەقەت خىتاي دائىرلىرى بىلەنلا بولغان ئۇچرىشىشنى دائىمىي كومىتېتنىڭ قارارى ۋە دائىمىي كومىتېت تەرىپىدىن تەيىنلەنگەن ھەيئەتلەرنىڭ ھەمرالىقىدا ئېلىپ بارىدۇ، ئۇلاربىلەن ۋەتەن داۋاسىغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر بويىچە شەرتنامە، كېلىشىمنامە ۋە باشقا ھۆججەتلەرنى ئىمزالايدۇ.

( 5 ) مۇئاۋىن رەئىسلەر، رەئىستىن كېيىنكى ئالى ئىۋازىملىق خادىملار ھېساپلىنىدۇ. قۇرۇلتاينىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى رەئىسنىڭ خىزمىتىگە ياردەمچى بولىدۇ ۋە ماسلىشىپ بېرىدۇ. رەئىس بولمىغان پەۋقۇلاددە ئەھۋال ئاستىدا ( ئاغرىپ قالغان، ئىستىپا قىلغان، ۋاپات بولغان ئەھۋال ئاستىدا ) رەئىس ۋەكىلى رەئىسكە ۋاكالەتلىك قىلىدۇ.

## 16 . دائىمىي كومىتېت

( 1 ) دائىمىي كومىتېت ـ مىللىي قۇرۇلتاينىڭ ئەڭ ئالى دائىمىي قارار ۋە رەھبەرلىك ئاپپاراتىدۇر.

( 2 ) دائىمىي كومىتېت ــ قۇرۇلتاي رەئىسى، مۇئاۋىن رەئىسلىرى، بىر نەپەر مەسلەھەتچى، باش كاتىپ، فوند رەئىسى ۋە قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى تەرىپىدىن سايلانغان 9 نەپەر دائىمىي كومىتېت ئەزاسى بولۇپ، جەمئى 15 كىشىدىن تەركىپ تاپىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



( 3 ) دائىمى كومۇتىت ھەر 6 ئايدا بىر توپلۇنىدۇ.جىددى ئەھۋاللاردا پەۋقۇللادە يىغىلىدۇ.

( 4 ) دائىمى كومۇتېت قارارلىرى، دائىمى كومۇتېت ئەزالىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپىرەگىنىڭ ئاۋازى بىلەن ئېلىنىدۇ ( مەلۇم سەۋەپلەردىن يىغىنغا قاتنىشالمىغان ئەزالارنىڭ ئاۋازى يازما شەكلى بىلەن بىلدۈرۈلىدۇ ).

( 5 ) دائىمى كومۇتېتنىڭ يىغىنلىرى ـ دائىمى كومۇتېت ئەزالىرىنىڭ يېرىمىدىن كۆپىرەكىنىڭ قاتنىششى بىلەن سالاھىيەتلىك ھىساپلىنىدۇ.

( 6 ) دائىمى كومۇتېت قارارلىرى، قۇرۇلتاي رەئىسى ۋە مەركىزى كومۇتېت رەئىسىنىڭ ئورتاق ئىمزالىشى بىلەن ئېلان قىلىنىدۇ.

## 17 . دائىمى كومۇتېتنىڭ ۋەزىپىلىرى

( 1 ) قۇرۇلتاي نىزامنامىسى ئاساسىدا قارارلارنى قوبۇل قىلىدۇ.

( 2 ) باش كاتىپنىڭ يېرىم يىللىق خىزمەت پىروگراممىسىنى قاراپ چىقىپ تەستىقلايدۇ. باش كاتىپنىڭ خىزمەتلىرىگە نازارەتچىلىك قىلىدۇ.

( 3 ) مىللى قۇرۇلتاي قارارلىرىنىڭ ئىجراھاتىنى تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا نازارەتچىلىك قىلىدۇ.

( 4 ) مىللى قۇرۇلتايىنى كەڭ ئاممىۋىلىققا ئىگە قىلىش ئۈچۈن جامائەت پىكرى توپلايدۇ، خەلقىمىزنى ۋە تەشكىلاتلىرىمىزنى ئىدىيە جەھەتتە ۋە ھەرىكەت جەھەتتە مىللى قۇرۇلتاينىڭ

قارارلىرىنى مەركەز ۋە يېتەكچى ئىدىيە قىلىشقا سەپەرۋەرلىك قىلىدۇ.

( 5 ) ۋەتەن فوندىنىڭ يىرىم يىللىق كىرىم ـ چىقىم ھىساۋاتىنى كۆزدىن كەچۈرىدۇ ۋە ئۇنىڭغا نازارەتچىلىك قىلىدۇ.

( 6 ) دائىمى كومۇتېتنىڭ كېيىنكى قېتىملىق يىغىنلىرىنىڭ ۋاقتىنى ۋە ئورنىنى بەلگىلەيدۇ.

( 7 ) دۇنيادىكى ۋە خىتايدىكى جىددى ئۆزگۈرۈشلەرنى كۆزىتىپ، مىللى ئازاتلىق ھەرىكىتىمىزگە بولۇدىغان تەسىرلىرىنى ئانالىز قىلىپ سىياسەت بەلگىلەپ چىقىدۇ.

( 8 ) خىتاي رەسمى دائىرلىرى بىلەن بولىدىغان مۇناسىۋەتلەر ھەققىدە قارار ئالىدۇ.

( 9 ) دائىمى كومۇتېت يىغىنلىرىنى ئېچىشتىن ئەڭ كام بولغاندا 15 كۈن بۇرۇن يىغىننىڭ كۈنتەرتىبى قۇرۇلتاي رەئىسىنىڭ ئىمزاسى بىلەن مەركىزى كومۇتېت ئەزالارغا ئۇختۇرىلىدۇ.

( 10 ) دائىمى كومۇتېت يىغىنلىرىغا قۇرۇلتاي رەئىسى بىلەن مەركىزى كومۇتېت رەئىسى بىرلىكتە رىياسەتچىلىك قىلىدۇ.

## 18. مەسلىھەتچىلەر كېڭىشى

( 1 ) مەسلىھەتچىلەر كېڭىشى ـــ مىللى ئازاتلىق ھەرىكىتىمىزگە ئالاھىدە تۆھپە قوشقان، مول تەجرىبىسى بولغان ۋە خەلقىمىزئىچىدە مەلۇم ئىجابى تەسىرى ۋە ئىناۋىتى بولغان شەرقىي تۈركىستانلىقلار ۋە شەرقىي تۈركىستان داۋاسىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



يېقىندىن ھېسداشلىق قىلىۋاتقان چەتئەللىك مۇتەخەسسلەردىن تەشكىل تاپىدۇ.

( 2 ) مەسلىھەتچىلەر كېڭىشى ئەزالىرىنىڭ بىر ـ ئىككى نەپىرى دائىمى كومۇتېتنىڭ ئەزاسى بولىدۇ.

( 3 ) مەسلىھەتچىلەر كېڭىشى ـ مىللىي قۇرۇلتاي ۋە قۇرۇلتاينىڭ دائىمى ئاپاراتلىرىغا ھەرجەھەتتىن مەسلىھەت بېرىدۇ.

## 19. تەپتىش ھەيئىتى

( 1 ) تەپتىش ھەيئىتى ـ مىللىي قۇرۇلتاينىڭ ئەڭ يۇكسەك نازارەت ئورگىنى بولۇپ، قۇرۇلتايغا ۋاكالىتەن پۈتۈن ئورگانلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە نازارەت قىلىدۇ.

( 2 ) تەپتىش ھەيئىتى، بىرنەپەر باش تەپتىش ۋە 2 نەپەر تەپتىشتىن تەشكىلى تاپىدۇ. بۇلار قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى تەرىپىدىن سايلىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى 3 يىل بولىدۇ.

( 3 ) قۇرۇلتاي ئورگانلىرىنىڭ پائالىيەتلىرىنىڭ نازامنامىگە مۇۋاپىق بولۇپ ـ بولمىغانلىقىنى تەكشۇرىلىدۇ.

( 4 ) قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىنىڭ ۋە ئورگانلىرىنىڭ ھەق ـ ھوقوقىنى قوغدايدۇ.

( 5 ) قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى ۋە ئورگانلىرى ھەققىدىكى شىكايەتنامىلارنى تەكشۇرۇپ دائىمى كومۇتېتقا بىلدۇرىدۇ.

( 6 ) ۋەتەن فوندىنىڭ كىرىم ـ چىقىملىرىغا نازارەت قىلىدۇ ۋە فوند ھىساۋىنى تەكشۇرۇپ، قۇرۇلتايغا دوكلات بېرىدۇ.

( 7 ) دائىمىي كومىتېتنىڭ قارارلىرىنىڭ نىزامنامىگە خىلاپ بولۇپ ـ بولمىغانلىقىنى تەكشۈرۈپ چىقىدۇ ۋە نىزامنامىگە خىلاپ كەلسە، قارارلارغا ئېتىراز بىلدۈرىدۇ.

( 8 ) مىللىي قۇرۇلتاينىڭ پائالىيەتلىرىدە دېموكراتىك پىرىنسىپلارنىڭ قانداق ئىجرا قىلىنىۋاتقانلىقىنى تەكشۈرىدۇ.

( 9 ) قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىنىڭ سالاھىيىتىنى تەكشۈرىدۇ.

## 20 . باش كاتىپلىق

( 1 ) باش كاتىپلىق ــ مىللىي قۇرۇلتاينىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق دائىمىي ئىش بېجىرىش ئاپپاراتىدۇر.

( 2 ) باش كاتىپلىق ــ مىللىي قۇرۇلتاي ۋە دائىمىي كومىتېتنىڭ قارارلىرىنى ئىجرا قىلىدۇ ۋە ئۇلار ئالدىدا جاۋابكار بولىدۇ.

( 3 ) باش كاتىپلىق ــ قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى تەرىپىدىن سايلاپ چىقىلغان بىرنەپەر باش كاتىپ، 1 نەپەر مۇئاۋىن باش كاتىپ ۋە تۆۋەندىكى بۆلۈملەردىن تەركىب تاپىدۇ:

1. ئىنفورماتسىيون، تەشۋىقات، تەتقىقات باشقارمىسى
2. تاشقى ئالاقىلار باشقارمىسى
3. ئاياللار باشقارمىسى
4. مائارىپ ۋە مەدىنىيەت باشقارمىسى
5. ياشلار باشقارمىسى
6. قانۇن باشقارمىسى
7. ئىچكى ئىشلار باشقارمىسى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



## 21 . باش كاتىپلىقنىڭ ۋەزىپىسى ۋە ھوقوقى

باش كاتىپ تۆۋەندىكى ھوقوق ۋە ئىمتىيازلارغا ساھىپ:

( 1 ) مىللىي قۇرۇلتاي دائىمىي كومىتېتىنىڭ خىزمەت پىروگراممىلىرىنى ئىجرا قىلىدۇ.

( 2 ) مىللىي قۇرۇلتايغا ۋاكالەتەن كۈندىلىك خىزمەتلىرىنى بىجىرىدۇ.

( 3 ) باش كاتىپلىق ـ مىللىي قۇرۇلتاينىڭ پۈتۈن پائالىيەت خامچوتىنى تۈزۈپ چىقىپ، دائىمىي كومىتېتقا سۇنىدۇ ھەمدە پائالىيەت چىقىملىرى ئۈچۈن تولۇق سالاھىيەت ئالىدۇ.

( 4 ) باش كاتىپلىق ـ پائالىيەت راخسوتلىرىغا ئائىت ھېساۋات دەپتىرىنى ھەر يېرىم يىلدا بىرقېتىم دائىمىي كومىتېتقا تەكشۈرۈش ئۈچۈن سۇنىدۇ.

( 5 ) باش كاتىپلىق ـ مىللىي قۇرۇلتايغا ۋاكالەتەن پۈتۈن خەلقئارا تەشكىلاتلار، دۆلەت ۋە رايونلار بىلەن بىۋاستە ئالاقە باغلايدۇ ۋە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى قۇرالايدۇ.

( 6 ) خەلقئارادىكى ھەرقانداق سورۇندا، شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى نىزامنامىسى ۋە قارارلىرى ئاساسىدا شەرقىي تۈركىستان ۋە مىللىي قۇرۇلتايغا ۋاكالەتەن سۆز قىلىش، باياناتە ئېلان قىلىش ھوقوقى ۋە سالاھىيىتىگە ئىگە.

( 7 ) مىللىي قۇرۇلتاي تەركىۋىدىكى ھەرقايسى تەشكىلاتلارنىڭ پائالىيەتلىرىگە يېتەكچىلىك قىلىش، پائالىيەت پۇروگراممىسىغا قارىتا تەكلىپ ـ پىكىر بېرىش ۋە بىر تۇتاش پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا سەپەرۋەرلىك قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە.

( 8 ) ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكىلەر بىلەن بولغان بارلىق مەخپىي ئالاقە، خەت ـ چەك، دوكىلات، ئارخىپ ـ بۇيۇملارنى بىۋاستە باشقۇرۇش ھوقوقىغا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ جاۋاپكارلىقىنى ئۈستىگە ئالىدۇ.

( 9 ) باش كاتىپلىق ـ پۈتۈن خىزمەتلىرىدە مىللى قۇرۇلتاي ئالدىدا تولۇق جاۋاپكار بولىدۇ ۋە ئىلىپ بارغان پائالىيەتلىرىدىن قۇرۇلتاي رەئىسى ۋە دائىمى كومۇتېتنى ۋاقتى ـ ۋاقتىدا خەۋەرلەندۈرۈپ تۇرىدۇ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ تەكلىپ ـ پىكىرلىرىنى جانلىق ئىجرا قىلىدۇ.

( 10 ) باش كاتىپلىق ـ مىللى قۇرۇلتاينىڭ پۈتۈن پائالىيەت پىلانلىرىنى تۈزۈپ چىقىپ، قۇرۇلتاي دائىمى كومۇتېتىغا سۇنىدۇ ۋە تەستىقلىتىدۇ.

( 11 ) باش كاتىپلىق ـ خىزمەت جەريانىدا ھەر يېرىم يىللىق خىزمەت پىلانىنى دائىمى كومۇتېتقا سۇنۇپ تەستىقلىتىدۇ.

( 12 ) باش كاتىپلىق تەركىۋىدىكىلەرنىڭ ۋەزىپە ئۆتەش مۇددىتى 2 يىل. ئۇلار باش كاتىپ ۋە دائىمى كومۇتېت تەرىپىدىن ۋەزىپىگە تەيىنلىنىدۇ ياكى ئىلىپ تاشلىنىدۇ.

## 22 . ۋەتەن فوندى

( 1 ) ۋەتەن فوندى ـ مىللى قۇرۇلتاينىڭ ئىقتىسادى ئورگىنى بولۇپ، قۇرۇلتاينىڭ پۈتۈن پائالىيەتلىرىنى ئىقتىسات بىلەن تەمىنلەيدۇ.

( 2 ) ۋەتەن فوندىنىڭ بىرنەپەر رەئىسى، 4 نەپەر مۇئاۋىن رەئىسى قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى تەرىپىدىن سايلاپ چىقىلىدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



( 3 ) ۋەتەن فوندىغا توپلانغان ئىقتىسات، باش كاتىپنىڭ خامچوت لاھىيەسى ئاساسىدا مىللىي قۇرۇلتاي ۋە ياكى دائىمىي كومۇتېتنىڭ تەستىقى بىلەن چىقىم قىلىنىدۇ.

( 4 ) مىللىي قۇرۇلتاينىڭ ھاۋالىسى ياكى ۋەتەن فوندىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بولمىغان ئەھۋال ئاستىدا، قۇرۇلتاي تەركىۋىدىكى ھەرقانداق بىر تەشكىلات ياكى شەخسلەرنىڭ قۇرۇلتاي نامىدىن ئىقتىسات توپلىشىغا ۋە چىقىم قىلىشىغا يول قويۇلمايدۇ.

( 5 ) قۇرۇلتاينىڭ نامىدىن توپلانغان ھەرقانداق ئىقتىسات، ئەڭ كېچىككەندە 2 ئاي ئىچىدە ۋەتەن فوندى ھېساۋىغا ياتقۇزۇلۇپ بولۇشى كېرەك.

( 6 ) ۋەتەن فوندى ـ پۈتۈن ئىقتىسادى پائالىيەتلىرىدىن مىللىي قۇرۇلتاي ۋە دائىمىي كومۇتېت ئالدىدا تولۇق جاۋاپكار بولىدۇ.

( 7 ) ۋەتەن فوندى ـ خىزمەت پىلانىنى تۈزۈپ چىقىپ، مىللىي قۇرۇلتاي ۋە مدائىمىي كومۇتېتقا تەستىقلىتىدۇ.

( 8 ) مىللىي قۇرۇلتاينىڭ پۈتۈن پائالىيەت راخسوتلىرىنى قۇرۇلتاي رەئىسى ۋە فوند رەئىسى ئىمزالايدۇ.

( 9 ) ۋەتەن فوندى ئىقتىسات يىغىشتا تۆۋەندىكى ئۇسۇللارنى قوللىنىدۇ:

1. مىللىي قۇرۇلتايغا ئەزا تەشكىلاتلاردىن بەدەل پۇلى يىغىدۇ.

2. ھەرخىل تىجارى پائالىيەتلەرنى ئورۇنلاشتۇرىدۇ.

3. ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلاردىن ئىئانە توپلايدۇ.

4. شەرقىي تۈركىستان داۋاسىغا ھېسداشلىق قىلغان دۆلەت، رايون، خەلقئارالىق تەشكىلات ۋە شەخسلەرنىڭ شەرتسىز ھالدا قىلغان ئىنئانىسىنى قوبۇل قىلىدۇ.

## 23 . مىللى قۇرۇلتاينىڭ بىكار قىلىنىشى

قۇرۇلتاي ئۆزىنىڭ پروگراممىلىق ۋەزىپىلىرىنى ئورۇنداپ بولغاندا، قۇرۇلتاينىڭ مەخسۇس قارارى بىلەن ( ئومومى ۋەكىللەر سانىنىڭ 3 تە 2 قىسىم ئاۋاز كۆپلىكى بىلەن ) تارقىتىلىدۇ ياكى ئىناۋەتسىز قىلىنىدۇ.

## قۇرۇلتاي ۋەكىللىرىنىڭ ئىمزاسى:

| ... ئىمزا ... | ☞ ئىسىم ـ فامىلىسى |
|---|---|

1 . غۇلامىددىن ئەخمەت پاختا ( ئامېرىكا )

2 . ئەخمەت ئىگەمبەردى ( ئاۋۇستىرالىيە )

3 . ئەنۋەر راخمان ( شۋىتسارىيە )

4 . كېرەم شېرىپ ( شۋىتسارىيە )

5 . فارۇق سادىق ( شۋىتسىيە )

6 . رەھىم ( شۋىتسىيە )

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



7 . مۇھەممەت رىزا بېكىن ( تۈركىيە )

8 . ئابلىكىم باقى ( تۈركىيە )

9 . ھامۇتخان كۆكتۈرك ( تۈركىيە )

10 . ئەركىن ئەكرەم ( تۈركىيە )

11 . مۇرات ئاخۇنباي ( تۈركىيە )

12 . ھاجى ياقۇپ ئانات ( تۈركىيە )

13 . ئەركىن ئەمەت ( تۈركىيە )

14 . ھۈسەيىن قارى ئىسلامى ( سەئۇدى ئەرەبىستان )

15 . دىلبىرىم سامساقوۋا ( قازاقىستان )

16 . قەھرىمان غوجامبەردى ( قازاقىستان )

17 . سابىت ئابدۇراخمان ( قازاقىستان )

18 . گۈلنۇر جالانوۋا ( قازاقىستان )

19 . تۇرسۇن ئىسلام ( قىرغىزىستان )

20 . ئەسقەرجان ( گېرمانىيە )

21 . ئابدۇجېلىل قاراقاش ( گېرمانىيە )

22 . پەرھات مۇھەممەدى ( گېرمانىيە )

23 . ئەنۋەرجان ( گېرمانىيە )

24 . مەرھابا ئىسمايىلوۋا ( قىرغىزىستان )

25 . سىيىتجان سىيىتوپ ( ئۆزبېكىستان )

www.uyghurkitap.com



# 2 ـ نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللى قۇرۇلتىيىدا ئورگانلارغا سايلاپ چىقىلغانلارنىڭ ئىسمىلىكى :

يىغىننىڭ 3 ـ كۈنى، يەنى 10 ـ ئاينىڭ 14 ـ كۈنى قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى نىزامنامە ئاساسىدا، بۇقېتىمقى مىللى قۇرۇلتاينىڭ رەھبەرلىك ھەيئىتىنى سايلاپ چىقتى. سايلامدا، خەت ئارقىلىق يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ۋە قول كۆتۈرۈپ ئوچۇق ئاۋاز بېرىپ سايلاش ئۇسوللىرى يولغا قويۇلدى، پەقەتلا قۇرۇلتاي رەئىسىنى سايلاش جەريانىدىلا خەت ئارقىلىق يوشۇرۇن ئاۋاز بېرىش ئۇسۇلى قوللۇنۇلدى، باشقا سايلامىلارنىڭ ھەممىسىلا قول كۆتۈرۈپ ئوچۇق ئاۋاز بېرىش شەكلى بىلەن ئېلىپ بېرىلدى.

قۇرۇلتاي ئورگانلىرى ۋە ئۇنىڭغا سايلاپ چىقىلغانلار تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

قۇرۇلتاي رەئىسى :

ئەنۋەرجان ( ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى نىڭ قۇرغۇچى ئەزاسى)

قۇرۇلتاينىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى:

ئابدۇجېلىل قاراقاش ( شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسيون مەركىزى نىڭ رەئىسى )

قەھرىمان غوجامبەردى ( « قازاقىستان ئۇيغۇر ئىتتىپاقى » نىڭ رەئىسى )

قۇرۇلتاينىڭ باش تەپتىشى :

تۇرسۇن ئىسلام ( « بېشكەك شەھەرلىك ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى » نىڭ رەئىسى )

تەپتىشلەر:

فەرھات ھاسانوپ ( « قازاقىستان جۇمھۇرىيەتلىك ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزى » نىڭ رەئىسى )

ھاموتخانكوكتوروك ( « شەرقىي تۈركىستان ۋەخپى » نىڭ باش كاتىۋى )

قۇرۇلتاي مەسلىھەتچىلەر كېڭىشىنىڭ رەئىسى :

ھاجى ياقۇپ ئانات ( 31 يىللىق ھاياتى خىتاينىڭ قاراڭغۇ زىندانلىرىدا ئۆتكەن مەشھۇر جامائەت ئەربابىمىز ۋەتارىخچىمىز)

مەسلىھەتچىلەر:

غۇلامىددىن پاختا ( ئامېرىكا ئۇيغۇرلار بىرلىكى نىڭ رەئىسى)

سىيىتجان قەيسەر ( ئۆزبېكىستان ۋەكىلى )

( ئىزاھات: مەسلىھەتچىلەر كېڭىشىنىڭ باشقا ئەزالىرى قۇرۇلتاي دائىمى كومىتېتى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ )

قۇرۇلتاينىڭ باش كاتىۋى :

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



رەئىسى )

مۇئاۋىن باش كاتىپ:
كېرەم شېرىپ ( شۋېتسارىيەدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەكىلى )
باش كاتىپلىق ـــ قۇرۇلتاي ۋەكىللىرى تەرىپىدىن سايلاپ چىقىلغان بىرنەپەر باش كاتىپ، 1 نەپەر مۇئاۋىن باش كاتىپ ۋە تۆۋەندىكى 7 باشقارمىدىن تەركىپ تاپىدۇ:

1. ئىنفورماتسىيون، تەشۋىقات، تەتقىقات باشقارمىسى
2. تاشقى ئالاقىلار باشقارمىسى
3. ئاياللار باشقارمىسى
4. مائارىپ ۋە مەدىنىيەت باشقارمىسى
5. ياشلار باشقارمىسى
6. قانۇن باشقارمىسى
7. ئىچكى ئىشلار باشقارمىسى

قۇرۇلتاي ۋەتەن فوندى نىڭ رەئىسى:
سىيىت تارانچى ( تۈركىيەدىكى شەرقىي تۈركىستان ھەمكارلىق جەمىيتى نىڭ رەئىسى )

ۋەتەن فوندى نىڭ مۇئاۋىن رەئىسلىرى :
دىلبىرىم ساماساقوۋا ( قازاقىستاندىكى نوزۇگۇم فوندا جەمىيتى نىڭ رەئىسى )
نىغمەت بوساقوپ ( قىرغىزىستان ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى نىڭ رەئىسى )
ئابدۇل ئەزىز يۇنۇس ( سەئۇدى ئەرەبىستان )

ئابدۇل ئەزىز يۇنۇس ( سەئۇدى ئەرەبىستان )

قۇرۇلتاي دائىمى كومىتېتىنىڭ ئەزالىرى تۆۋەندىكىلەردىن ئىبارەت:

1. ئەنۋەرجان ( گېرمانىيە )
2. ئابدۇجېلىل قاراقاش ( گېرمانىيە )
3. ئەسقەرجان ( گېرمانىيە )
4. ئابلىكىم باقى ( تۈركىيە )
5. سېيىت تىلانچى ( تۈركىيە )
6. ھاجى ياقۇپ ئانات ( تۈركىيە )
7. ئەركىن ئەكرەم ( تۈركىيە )
8. ئەنۋەر راخمان ( شۋېتسارىيە )
9. فارۇق سادىق ( شۋېتسىيە )
10. غۇلامىددىن ئەخمەت پاختا ( ئامېرىكا )
11. ئەخمەت ئىگەمبەردى ( ئاۋۇستىرالىيە )
12. ساۋۇت ئابدۇراخمان ( قازاقىستان )
13. قەھرىمان غوجامبەردى ( قازاقىستان )
14. دىلبىرىم سامساقوۋا ( قازاقىستان )
15. گۈلنۇر جالانوۋا ( قازاقىستان )

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



# قۇرۇلتاينىڭ بىرىنچى رەھبەرلىرىنىڭ قىسقىچە تەرجىمىھالى:

## قۇرۇلتاي رەئىسى ئەنۋەرجان

مەركىزى گېرمانىيەدىكى « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ قۇرغۇچى ئەزالىرىنىڭ بىرى بولغان ئەنۋەرجان 1949 ـ يىلى غۇلجا شەھرىدە تۇغۇلغان، 1956 ـ يىلدىن 1960 ـ يىلغىچە غولجىدا باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇغان، 60 ـ يىلدىن 61 ـ يىلغىچە غۇلجا تىببى مەكتەپىنىڭ تەييارلىق سىنىپىدا بىلىم ئاشۇرغان، 62 ـ يىلدىن 67 ـ يىلغىچە ئافغانىستاندا تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇغان، 1970 ـ يىلدىن 72 ـ يىلغىچە تۈركىيە ئارمىيىسىدە ئەسكەر بولغان، 1972 ـ يىلدىن 74 ـ يىلغىچە تۈركىيەدە تىجارەت بىلەن شۇغۇللانغان، ئەنۋەرجان 1975 ـ يىلى تۈركىيەدىن گېرمانىيەگە كېلىپ ئورۇنلاشقان ۋە 1975 ـ يىلدىن 1995 ـ يىلغىچە ئامېرىكا تەرىپىدىن گېرمانىيەنىڭ مىيونخىن شەھرىدە تەسىس قىلىنغان « ئازاتلىق رادىيوسىدا خىزمەت قىلغان ۋە كېيىنكى 5 يىلدا مەزكۇر رادىيونىڭ ئۆزبېكچە بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن، بۇجەرياندا ئۇ، ئامېرىكىنىڭ ئىندىئانا ئۇنىۋېرسىتىتىدە سىياسى پەنلەر بويىچە مەخسۇس بىلىم ئاشۇرغان، ئەنۋەرجان ھازىرغا قەدەر « 1 ـ نۆۋەتلىك خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللى قۇرۇلتىيى » ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، « شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغولىستان خەلقلىرى بىرلىكى »

لىجرالىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ غەزىندارى، مۇئاۋىن رەئىسى ۋە رەئىسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن. ئەنۋەرجان رادىيودا خىزمەت قىلىش جەريانىدا ئىشتىن سىرتقى ۋاقىتىدىن پايدىلىنىپ ئەنگىلىز تارىخچىسى ئاندىرېۋ فوربىس ئەپەندىنىڭ « شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىستىلاچىلار » دىگەن مەشھۇر تارىخى ئەسىرىنى ئەنگىلىزچىدىن تۈرۈكچىگە تەرجىمە قىلىپ نەشىر قىلدۇرۇپ تارقاتقان. ئەنۋەرجان ئەنگىلىزچە، گىرمانچە ۋە تۈرۈكچە تىللارنى يۇقۇرى سەۋىيەدە بىلىدۇ.

## قۇرۇلتاينىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئابدۇجېلىل قاراقاش

ئابدۇجېلىل قاراقاش 1959 ـ يىلى خوتەننىڭ قاراقاش ناھىيىسىدە تۇغۇلغان، ئۇ، 1966 ـ يىلىدىن 1972 ـ يىلىغىچە قاراشەھەر ـ خاجىڭدا باشلانغۇچ ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى ئوقۇغان، 1973 ـ يىلى يەنە قاراقاشقا قايتىپ، 73 ـ يىلىدىن 75 ـ يىلىغىچە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى ئوقۇپ تاماملىغاندىن كېيىن، يەرلىك ئاستى مەدرىسلەردە 5 يىل ئۇدا دىنى تەلىم ئالغان، 1979 ـ يىلى ئابدۇجېلىل قاراقاش خوتەندىن ئىلىغا كېلىپ يەرلەشكەن ۋە ئىلى رايونىدا تاكى 83 ـ يىلىغا قەدەر بىرتەرەپتىن دىنى تەتقىقات ۋە دىنى خىزمەتلەر بىلەن شۇغۇللانسا، يەنە بىر تەرەپتىن يوشۇرۇن قۇرئان كۇرۇسلىرىدا باللارغا دىنى دەرس بەرگەن، ئىلىدا دىنى پائالىيەت بىلەن شۇغۇللۇنۇش جەريانىدا دىنى ئەسەرلەرنىڭ ئىنتايىن كامچىللىقىنى چوقۇر ھېس قىلغان ئابدۇجېلىل ئەپەندى،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



يوشۇرۇن مەتبە قۇرۇپ دىنىي ۋە تارىخىي ئەسەرلەرنى نەشر قىلدۇرۇپ تارقىتىش غايىسى بىلەن، 1983 ـ يىلى باسما زاۋۇتلىرى بىلەن ئالاقىلىشىش ئۈچۈن شاڭخەيگە باردى ۋە تاكى 86 ـ يىلىغا قەدەر شاڭخەي شەھرىدە قېلىپ، بىرتەرەپتىن شاڭخەيدە تىجارەت بىلەن تۇرنۇاتقان ئۇيغۇرلارغا دىنىي تەلىم ـ تەربىيە بېرىپ ئۇلارغا ئىماملىق قىلسا، يەنەبىر تەرەپتىن بەزى مەتبەلەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورنىتىپ، 30 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق دىنىي كىتاپنى باستۇرۇپ، بۇكىتاپلارنى ۋەتەن ئىچىگە كەلك دائىرىدە تارقاتتى.

1986 ـ يىلى ئابدۇجېلىل ئەپەندى يەرناستى مەتبەنى كۆچەيتىش ۋە چەتئەللەردە ئوقۇغۇچى تەربىيلەش مەسلىسى ھەققىدە تاشقى دۇنيادىكى ئۇيغۇرلار بىلەن ئالاقىلىشىش مەقسىدىدە چەتئەلگە چىققان ئىدى، ئەمما شارائىتنىڭ چەكلىمىسى تۈپەيلىدىن ئۇ چەتئەلدە قەپ قېلىشقا مەجبۇر بولدى ۋە 1987 ـ يىلى 2 ـ ئايدا گىرمانىيەنىڭ ميونخىن شەھرىگە كېلىپ ئورۇنلاشتى. ئەمما ئابدۇجېلىل ئەپەندى ئۆزىنىڭ ئەسلى غايىسىدىن ئەسلا ۋاز كەچمىدى، ئۇ، 1987 ـ يىلدىن 90 ـ يىلىغىچە ميونخىندىكى تۈرك جەمىيەتلىرىدە ۋە جامىلىرىدە ئىمام ـ مايىزىنلىق قىلىپ، تۈرك قېرىنداشلىرىغا دىنىي جەھەتتىن تەلىم بەردى، 1990 ـ يىلدىن ئېتىۋارەن ئۇ كومپيۇتۇر تېخنىكىسىنى ئۆگىنىشكە كىرىشىپ، 91 ـ يىلىغىچە كىچە ـ كۈندۈز تىرىشىش ئارقىلىق ئاخىرى كومپيۇتۇردا ئۇيغۇرچە ھەرىپنى ياساپ چىقىپ، ئۇنى مەخسۇس پۇروگراملاشتۇردى، بۇ، تاشقى دۇنيادا ياساپ چىقىلغان تۇنجى ئۇيغۇرچە ئېلىكترونلۇق خەت نۇسخىسى ئىدى. ئابدۇجېلىل ئەپەندى

1992 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن ئۆزى تۈزگەن ئۇيغۇرچە پىروگراممىنى ئارقىلىق دەسلەپكى قەدەمدە بەزى دىنىي ئەسەرلەرنى بېسىپ نەشىر قىلىشقا باشلىدى ۋە بۇجەريانىدا ، « لوقمان ھېكىمنىڭ 100 نەسىھىتى »، « جەۋامىئۇل كەلىم » ... قاتارلىق كىتاپلارنى ئۆزى بېسىپ نەشىر قىلدۇرۇپ تارقاتتى، 1994 ـ يىلىدىن ئېتىبارەن ئۇ، پەسىللىك دىنى، سىياسىي ۋە ئىلمىي ژورنال — « تامچە » نى نەشر قىلىشقا باشلىدى ۋە ھازىرغا قەدەر بۇ ژورنال جەمئى 10 سان نەشىر قىلىنىپ، ۋەتەن ئىچى ۋە سىرتىدىكى خەلقىمىزنىڭ يۇقىرى باھاسىغا ئېرىشتى. 1996 ـ يىلى ئابدۇجېلىل ئەپەندىنىڭ شەخسەن رىياسەتچىلىكىدە « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى »، 1998 ـ يىلى 8 ـ ئايدا « گېرمان ـ ئۇيغۇر دوستلۇق جەمىيتى » قۇرۇلدى، 1999 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈنىدىن ئېتىبارەن ئۇنىڭ بىۋاستە باشقۇرۇشىدا « ئۇچقۇن » ھەپتىلىك گېزىتى نەشر قىلىنىشقا باشلىدى.

ئابدۇجېلىل ئەپەندى 1996 ـ يىلى گېرمانىيەدە چاقىرىلغان تۇنجى نۆۋەتلىك « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » دا قۇرۇلتاينىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ سايلانغان ئىدى، 1998 ـ يىلى ئىستانبۇلدا قۇرۇلغان « خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى » ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى بولۇپ سايلانغان. ھازىر ئۇ، « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » نىڭ رەئىسى، « گېرمان ـ ئۇيغۇر دوستلۇق جەمىيتى » نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ مۇئاۋىن رەئىس، « ئۇچقۇن » ھەپتىلىك گېزىتى بىلەن « تامچە » ژورنىلىنىڭ ساھىبى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىپ كەلمەكتە، ئۇ، بۇقېتىم گېرمانىيەدە چاقىرىلغان 2 ـ نۆۋەتلىك «

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ سايلاندى. ھازىر ئۇ ئايالى ۋە 3 پەرزەنتى بىلەن بىرگە ياشىماقتا.

## قۇرۇلتاينىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قەھرىمان غوجامبەردى

قۇرۇلتاينىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قەھرىمان غوجامبەردى — 1946 ـ يىلى قازاقىستاننىڭ ئالمۇتا ۋىلايىتىدە تۇغۇلغان، ئۇ، ئۆزى تۇرۇۋاتقان رايوندىكى قازاق ئوتتۇرا مەكتىۋىدە تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرىنى تاماملىغاندىن كېيىن، موسكۋادىكى ئالىي ھەربىي ئوقۇتۇش يۇرتىدا ئوفىسسەرلىك ۋە ھەربىي كوماندىرلىق كەسپى بويىچە مەخسۇس تەلىم كۆرگەن. ئۇ، 1964 ـ يىلدىن 1990 ـ يىلغىچە سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئارمىيىسىدە ۋىزۋوت، روتا، باتالىيون كوماندىرى، پولك شتاپ باشلىقى، دېۋىزىيە ئوپېراتىپ پولىمىنىڭ باشلىقى ... قاتارلىق ئىنتايىن موھىم ۋەزىپىلەردە بولغان، 1990 ـ يىلى ئۇ ھەربىي ۋەزىپىسىدىن ئىستىپا بەرگەن، ئۇنىڭ ھەربىي ئۇنۋانى — پود پولكولنىك.

قەھرىمان غوجامبەردى 1991 ـ يىلى قازاقىستان ئاكادېمىيەسىنىڭ ئۇيغۇرشۇناسلىق ئىنستىتوتىغا ئىلمىي خادىم سۈپىتىدە ئىشقا كىرگەن ۋە 93 ـ يىلىغا قەدەر مۇشۇ خىزمەتتە بولغان. 1992 ـ يىلى قەھرىمان غوجامبەردى « ئۇيغۇرلارنىڭ جۇمھۇرىيەتلەر ئارا ئىتتىپاقى » غا پىرىزىدېنت بولۇپ سايلانغان، 94 ـ يىلى ئۇ يەنە 2 ـ قېتىم بۇ تەشكىلاتقا پىرىزىدېنت بولۇپ سايلاندى. 1995 ـ يىلى ئۇ قازاقىستاندىكى «

ئۇيغۇرلار ئىتتىپاقى » نىڭ رەئىسى بولۇپ سايلاندى ۋە ھازىرغا قەدەر شۇ ۋەزىپىسىنى ئۆتەپ كەلمەكتە. قەھرىمان غۇجامبەردى 1998 ـ يىلى ئىستانبۇلدا قۇرۇلغان « خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى » نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى بولۇپ سايلانغان. ھازىرغا قەدەر ئۇنىڭ 50 پارچىدىن ئارتۇق سىياسىي ـ ئىلمىي ماقالىسى تۈرلۈك مەتبۇئاتلاردا ئېلان قىلىنغان. ئۇ ھازىر ئايالى ۋە ئىككى بالىسى بىلەن بىرگە ياشىماقتا.

## قۇرۇلتاينىڭ باش كاتىبى ئەسقەرجان

قۇرۇلتاينىڭ باش كاتىبى ئەسقەرجان 1958 ـ يىلى شەرقىي تۈركىستاننىڭ غۇلجا شەھرىدە تۇغۇلغان، 1961 ـ يىلى ئائىلىسى بىلەن بىرگە ئافغانىستانغا كېلىپ ئورۇنلاشقان، 1967 ـ يىلى يەنە ئائىلىسى بىلەن بىرگە تۈركىيەنىڭ قەيسىرى شەھرىگە كېلىپ يەرلەشكەن، ئۇ، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 1 ـ يىللىقىنى ئافغانىستاندا، داۋامىنى ۋە تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 3 ـ يىللىقىغا قەدەر قەيسىرى شەھرىدە ئوقۇغان، 1975 ـ يىلى شىمالىي قىبرىس تۈرك جۇمھۇرىيىتىگە ئوقۇغۇچى بولۇپ بېرىپ، تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ داۋامىنى ۋە تولۇق ئوتتۇرىنى قىبرىسنىڭ پايتەختى لەپكوشا شەھرىدە ئوقۇپ پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1978 ـ يىلى ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇش ئۈچۈن گېرمانىيەگە كېلىپ ئورۇنلاشقان. ئەسقەرجان گېرمانىيەدە ئىقتىسات فاكولتېتىنى تاماملىغاندىن كېيىن، 1989 ـ يىلى مىيونخېن شەھەرلىك ھۆكۈمەتكە مەمۇرى خادىم بولۇپ ئىشقا كىردى، ئۇ يەنە 1993 ـ يىلدىن 1995 ـ يىلغىچە ئالىي دەرىجىلىك مەمۇرى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



خادىم يېتىشتۈرۈش ئاكېدېمىيەسىدە ئوقۇدى، شۇندىن كېيىن ئەسقەرجان مىيونخىن شەھەرلىك ھۆكۈمەت قارمىقىدا يۇقۇرى دەرىجىلىك خادىم ۋە بىر بۆلۈمنىڭ مۇدىرى بولۇپ خىزمەت قىلىپ كەلمەكتە.

ئەسقەرجان ھازىرغا قەدەر « يوروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ قۇرغۇچى ئەزاسى ۋە غەزىنىدارى، باش كاتىپى ۋە رەئىسى، 1998 ـ يىلى تۈركىيەدە قۇرۇلغان « خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى » نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى، « شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى تەييارلىق كومىتېتى » نىڭ رەئىسى ، « شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىستان خەلقلىرى ئىتتىپاقى » ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ ئەزاسى ... قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۆتىگەن.

## قۇرۇلتاينىڭ باش تەپتىشى تۇرسۇن ئىسلام

قۇرۇلتاينىڭ باش تەپتىشى تۇرسۇن ئىسلام 1936 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 9 ـ كۈنى شەرقىي تۈركىستاننىڭ غۇلجا شەھرىدە ئىشچى ئائىلىسىدە دۇنياغا كەلگەن، 1943 ـ يىلدىن 1952 ـ يىلىغىچە باشلانغۇچ، تولۇقسىز ۋە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى غۇلجا شەھرىدە تاماملىغان، 1952 ـ يىلدىن 1954 ـ يىلىغىچە ئۈرۈمچىدىكى « ئۆلكىلىك سودا ـ ئىقتىسات تېخنىكومى » دا ئوقۇغان، 1954 ـ يىلدىن 55 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە غولجا شەھەرلىك يىپ ماللار سودا شىركىتىدە ماگازىن مۇدىرى بولۇپ ئىشلىگەن، ئۇ، 1955 ـ يىلى 7 ـ ئايدا قىرغىزىستانغا كېلىپ ئورۇنلاشقان، 1966 ـ يىلدىن 1972 ـ يىلىغىچە قىرغىزىستان

دۆلــەتلىك ئۇنىۋېرســتېتىنىڭ قانۇنشۇناســلىق فــاكولتېتىدا ئوقۇغــان ۋە ئۇنىۋېرســتېتنى پۈتتۈرگــەندىن كېيــن، 1972 ـ يىلىدىـن 1996 ـ يىلىغىچـە قىرغىزىستاندا سوتچى، ئادۋوكـات، قىرغىزىستان قارا پالتا شەھەرلىك ھۆكۈمەت قارمىقىدىكى قانۇن باشقۇرۇش بـۆلۈمىنىڭ باشـلىقى ... قاتــارلىق ۋەزىپىلــەرنى ئۆتىگـەن ۋە 1996 ـ يىلـى پېنسىيەگە چىققـان، ئـۇ، شــەرقىي تۈركىستان خـەلقىنىڭ ئىنسـان ھـەق ـ ھوقۇقلىرىنـى قوغـداش مەقسىدىدە، 1997 ـ يىلـى قىرغىزىستاندا « بېشكەك شـەھەرلىك ئىنسـان ھوقۇقىنـى قوغـداش ( دېموكراتىيـە ) » تەشكىلاتىنى قۇرۇپ چىقتى ۋە ئۇنىڭ رەيىسى بولۇپ سايلاندى.

## قۇرۇلتاي سىياسى مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ رەئىسى هاجى ياقۇپ

« ھـاجى يـاقۇپ » دىگـەن بـۇ ئىســم، پۈتــۈن شــەرقىي تۈركىستان خەلقىغـە ئىنتـايىن تونـۇش بىــر ئىســم، مەشـھۇر جامائەت ئەربابىمىز ۋە تارىخچىمىز ھاجى ياقۇپ ئاكا بۇيىل 79 ياشتا بـولۇپ، ئۇنىـڭ ھايـاتىنىڭ 31 يىلـى تۈرمىلـەردە، جــازا لاگىرلىرىدا ئۆتكــەن، ھــاجى يـاقۇپ ئـاكـا شـەرقىي تۈركىستان تارىخىدا ئابدۇل ئەزىز مەخسۇمدىن قالسا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىچىـدە ئـەڭ ئـۇزۇن تۈرمـدە ياتقـان شـەرقىي تۈركىستانلىق بــولۇپ ھىساپلىنىدۇ. ھاجى ياقۇپ ئاكىنىڭ دەسلەپكى تۈرمــە ھايـاتى 1939 ـ يىلـى باشـلانغان بـولۇپ، ئـەينى چـاغدا ئـۇ خوتــەن گېزىتخانىسىنىڭ مۇدىرى ۋە باش مۇھەررىرى ئىدى، شىڭشىسەي ئۇنى « يــاپونىنىڭ جاسوسـى » دىگـەن تۆھمـەت بىلـەن قولغـا

ئېلىپ تۈرمىگە تاشلىدى ۋە 45 ـ يىلى تۈرمىدىن چىقتى، ئارىدىن 4 يىل ئۆتۈپ، يەنى 1949 ـ يىلى 12 ـ ئايدا يەنە پانتۈركىسىزىمچى ، پانئىسلامىزىمچى دىگەن قالپاق بىلەن قولغا ئېلىنىپ تۈرمىگە تاشلاندى ۋە شۇ ياتقانچە قالپاق ـ ئۈستىگە قالپاق كەيگۈزۈلۈپ، تاكى 70 ـ يىللارنىڭ ئاخىرىغا قەدەر ئىزچىل ھالدا تۈرمىلەردە ۋە جازا لاگىرلىرىدا قامالدى. ئۇ تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتىتى ئىلىك تىل فاكولتېتىغا ئوقۇتقۇچىلىققا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، ھاجى ياقۇپ ئاكا داۋاملىق تۈردە خىتاي دائىرىلىرىنىڭ نازارىتىگە، سىياسى ۋە روھى جەھەتتىكى بېسىمىغا ئۇچراپ كەلگەنلىكى ئۈچۈن، 1996 ـ يىلى يوشۇرۇن ھالدا ۋەتەندىن ئايرىلىپ، تۈركىيەگە كېلىپ ئورۇنلاشتى ۋە ھازىر تۈركىيە تارىخ تەتقىقات ئورنىدا تەتقىقاتچى بولۇپ ئىشلىمەكتە. مىللى ئۇستاز ھاجى ياقۇپ ئاكا، شەرقىي تۈركىستاندا ئۇزۇن يىللاردىن بۇيان داۋام قىلىپ كېلىۋاتقان پانتۈركىسىزىمچىلىق ( مىللەتچىلىك ) ئېقىمىنىڭ ئاساسلىق ۋەكىللىرىنىڭ بىرى بولۇپ، پانتۈركىسىزىملىق ئىدىيىسى ـ خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى ئۈچۈن باشتىن ـ ئاخىر ئەڭ زور تەھدىتلەرنىڭ بىرى بولۇپ كەلمەكتە.

# « 2 ـ نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ قارارى

1999 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 16 ـ كۈنىگىچە گېرمانىيەنىڭ ميونخېن شەھرىدە 2 ـ نۆۋەتلىك « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى مۇۋاپىقىيەتلىك ھالدا چاقىرىلدى. قۇرۇلتاي ئاياقلاشقاندا، قۇرۇلتاي رەئىسى ئەنۋەرجان، مىللىي قۇرۇلتاي دائىمىي كومىتېتى نامىدىن تۆۋەندىكى قارارلارنى ئېلان قىلدى:

1. ۋەتىنىمىزنىڭ نامى ـ شەرقىي تۈركىستاندۇر؛

2. شەرقىي تۈركىستانىڭ دۆلەت گېربى ۋە مىللىي بايرىقى ـ 1933 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى قەشقەردە قۇرۇلغان مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان ئىسلام جۇمھۇرىيىتى ھۆكۈمىتى تەرىپىدىن قوبۇل قىلىنغان دۆلەت گېربى ۋە ئاي ـ يۇلتۇزلۇق كۆك بايراقتۇر؛

3. مىللىي قۇرۇلتىيىمىزنىڭ ئاساسىي مەقسىدى ـ شەرقىي تۈركىستانىڭ مىللىي مۇستەقىللىق كۈرىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتىن ئىبارەت بولۇپ، بىز شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، شەرقىي تۈركىستان خەلقى پەقەتلا تولۇق مۇستەقىللىقنى قولغا ئېلىش ئارقىلىقلا ھەقىقىي ئەركىنلىك ۋە بەختكە ئېرىشەلەيدۇ؛

4. مىللىي قۇرۇلتىيىمىز ـ مۇھاجىرەتتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتىنىڭ خەلقئارادىكى بىردىن ـ بىر تولۇق ھوقۇقلۇق قانۇنىي ۋەكىلى ھېساپلىنىدۇ، ئۇ، ۋەتىنىمىزنىڭ ۋە مىللىتىمىزنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك بارلىق ئىشلاردا سۆھبەت ئۆتكۈزۈش، كېلىشىم تۈزۈش، ئىمزالاش، بىكار قىلىش، ئاخبارات ياكى بايانات ئېلان قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە، مىللىي قۇرۇلتىيىمىز ـ خىتاي ئىچىدە يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ھەرقانداق پەۋقۇلاددە زور بىر سىياسىي ئۆزگۈرۈشنى نەزەردە تۇتقان ھالدا، ۋەتەن سىرتىدا ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مىللىي ئازاتلىق ھەرىكىتىمىزنىڭ ستراتېگىيەسىنى، تاكتىكىسىنى بەلگىلەيدۇ ۋە ئۇنى ئەمەلگە ئاشۇرىدۇ؛

5. مىللىي قۇرۇلتىيىمىز ـ شەرقىي تۈركىستاندا خەلقىمىز تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلىۋاتقان بارلىق مۇستەقىللىق ۋە ئەركىنلىك كۈرەشلىرىنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەيدۇ ۋە ئۇنىڭغا ماسلىشىپ ھەرىكەت قىلىدۇ؛

6. مىللىي قۇرۇلتىيىمىز ـ تاشقى دۇنيادا شەرقىي تۈركىستان مىللىي ھەرىكىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلىۋاتقان بارلىق تەشكىلات ۋە شەخسلىرىمىزنى ئورتاق غايە ئاستىدا قۇرۇلتىيىمىز ئەتراپىدا بىرلەشتۈرۈشكە تىرىشىدۇ؛

7. مىللىي قۇرۇلتىيىمىز ـ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئۆزتەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىغا ھۆرمەت قىلغان ۋە ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلغان، خىتايدىكى كوممۇنىستىك رېجىمغا قارشى پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان خىتاي دېموكراتىك تەشكىلاتلىرى ۋە زاتلىرى بىلەن ھەمكارلىشىدۇ؛

8. مىللىي قۇرۇلتىيىمىز - شەرقىي تۈركىستان خەلقىگە ئوخشاش خىتاينىڭ بېسىمى ۋە زۇلمى ئاستىدا ياشاۋاتقان تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىيە خەلقلىرىنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەش ھوقۇقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدىكى ھەققانىي كۈرەشلىرىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەيدۇ ۋە ئۇلار بىلەن ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەمكارلىقىنى ئۈزلۈكسىز ھالدا كۈچەيتىشكە تىرىشىدۇ، شۇنداقلا خىتاي ھۆكۈمىتىنى شەرقىي تۈركىستان، تىبەت ۋە ئىچكى موڭغۇلىيەدىكى تاجاۋۇزچىلىق ۋە مۇستەملىكىچىلىكىدىن دەرھال ۋاز كېچىشكە، بۇ مەملىكەتلەردىكى مىللەتلەرنىڭ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى بەلگىلەشتەك ھەققانىي ھوقۇقىنى ئېتىراپ قىلىشقا چاقىرىدۇ؛

9. مىللىي قۇرۇلتىيىمىز - مىللىي داۋايىمىزنى خەلقئارا سەھنىگە ئېلىپ چىقىپ، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ ھەرقايسى تارماقلىرىغا، دۇنيا ئىسلام كونفىرانسى، بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىدا ۋەكىلى بولمىغان مىللەتلەر تەشكىلاتى ۋە باشقا خەلقئارالىق تەشكىلاتلارغا، شۇنىڭدەك دۇنيا دۆلەتلىرىگە يەتكۈزۈپ، ئۇلارنىڭ قوللىشىنى ۋە ياردىمىنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشىدۇ؛

10. مىللىي قۇرۇلتىيىمىز - 1996 - يىلى گېرمانىيەنىڭ ميونخېن شەھىرىدە قۇرۇلغان « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » نىڭ پائالىيەتلىرىنى قوللاپ - قۇۋۋەتلەيدۇ ۋە ئۇلار بىلەن بولغان ھەمكارلىقىنى داۋاملاشتۇرىدۇ، شۇنداقلا ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ ئۆز نىزامنامىسىگە ماس ھالدا مىللىي قۇرۇلتىيىمىزنىڭ ياشلار كومىتېتى سۈپىتىدە يەر ئېلىپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىنىڭ، مىللىي داۋايىمىزنى يەنىمۇ

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



كۆچلەندۈرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ، مىللىي قۇرۇلتىيىمىز، ياشلار قۇرۇلتىيى رەھبەرلىك ئورگىنىنى ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بۇ يولدا ئىجابىي قەدەم تاشلاشقا چاقىرىدۇ ۋە قۇرۇلتاي رەھبەرلىك ئورگىنىمىزمۇ بۇ مەقسەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئەمىلى ھەرىكەتكە كىرىشىدۇ؛

11. مىللىي قۇرۇلتىيىمىز ـ چەتئەللەردە ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلار ئارىسىدا تىل، دىن، تارىخ، مەدىنىيەت ـ سەنئەت، ئۆرپ ـ ئادەت قاتارلىق مەدىنى مىراسلىرىمىزنى پىرپۈتۈن ھالدا ساقلاپ قېلىش ۋە ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىشنى موھىم مەقسەتلىرىنىڭ بىرى قىلىدۇ ۋە بۇھەقتە پىلانلىق ھەم قەدەمباسقۇچلۇق ھالدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىشقا تىرىشىدۇ؛

مىللىي قۇرۇلتىيىمىز ـ مىللىي داۋايىمىزغا ۋە كەلگۈسىدە ۋەتىنىمىزگە يارامىلىق ئىختىساس ئىگىلىرىنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن، چەتئەللەردە ياشاۋاتقان ياش ـ ئۆسمۈرلىرىمىزنى شەرت ـ شارائىتىمىز يارىبەرگەن دائىرە ئىچىدە تۈرلۈك مائارىپ ۋە ئىقتىسادى ئىمكانلار بىلەن تەمىنلەشكە تىرىشىدۇ؛

12. مىللىي قۇرۇلتىيىمىز ـ بۇقېتىمقى قۇرۇلتاينىڭ مۇۋاپىقىيەتلىك چاقىرىلىشىغا ئالاھىدە كۆچ سەرىپ قىلغان ۋە قۇرۇلتايغا ساھىپخانلىق قىلغان ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى گە، دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى غا، شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى گە ۋە تۈركىيە، ئاۋۇستىرالىيە، ئامېرىكا، قازاقىستان، قىرغىزىستان، ئۆزبېكىستان، شۋىتسىيە، شىۋىتسارىيە ۋە سەئۇدى ئەرەبىستان قاتارلىق دۆلەتلەردىكى تەشكىلات ۋە شەخسلىرىمىزگە ئالاھىدە رەخمەت ئېيتىدۇ!

# مىللىي قۇرۇلتاي خىتاپنامىسى

( مەزكۇر خىتاپنامە، مىللىي قۇرۇلتاينىڭ 10 ـ ئاينىڭ 16 ـ كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۆتكۈزۈلگەن يېقىلىش مۇراسىمىدا قۇرۇلتاي نامىدىن ئېلان قىلىندى )

ئالدى بىلەن ، ئانا ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاندىكى بارلىق قېرىنداشلىرىمىزغا، بىزگە خوشنا قېرىنداش ئەللەردە ياشاۋاتقان ۋە دۇنيانىڭ 6 قىتئەسىدىكى 20 دىن ئارتۇق دۆلەتلەردە مۇھاجىر بولۇپ ياشاۋاتقان بارلىق يۇرتداشلىرىمىغا ھۆرمەت بىلەن ئالى سالام يوللايمەن!

بارچە يۇرتداشلىرىمنى يېقىن تارىخىمىزدا يۈزبەرگەن موھىم، ئىجابى بىر يېڭىلىق بىلەن تەبرىكلىيمەكچىمەن، بۇ يېڭىلىق بولسا ـ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىنسانى ھەق ـ ھوقوقلىرىنى، جۈملىدىن، مىللى، دىنى، مەدىنى، ئىجتىمائى ۋە شۇنىڭدەك سىياسى ھوقوقلىرىنى قوغداش ھەم خەلقىمىزنىڭ ئۆز ۋەتىنىدە ئەركىن ۋە ھۆر ياشىشىنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىدىدە قۇرۇلغان رەسمى ۋە قانۇنلۇق خەلقئارالىق تەشكىلاتىمىزدىن ئىبارەتتۇر، بۇ تەشكىلاتىمىزنىڭ نامى ـ « شەرقىي تۈركستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللى قۇرۇلتىيى » دىن ئىبارەت!

مىللىي قۇرۇلتىيىمىز، تۈرلۈك سەۋەپلەر بىلەن ھەرقايسى دۆلەتلەردە مۇھاجىرەتتە ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ ئۆز تەشەببۇسى بىلەن ۋە ھەرتۈرلۈك پىداكارلىقلىرى بىلەن ۋۇجۇتقا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



كەلدى. بۇ قۇرۇلتىيىمىزنى قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئەركىن، دېموكراتىك ياۋروپا ئەللىرىنىڭ بىرىدە رەسمىي تەشكىلات سۈپىتىدە قانۇنلۇق تىزىمغا ئالدۇرىمىز.

بىز بۇ يېڭى ئورگىنىمىزنى قۇرۇش ئارقىلىق، چەتئەللەردە ۋەتەن داۋاسى بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان باشقا تەشكىلاتلىرىمىزنى ۋە بەزى سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن يەككە ھالدا ئۆز ئالدىغا پائالىيەت قىلىپ كېلىۋاتقان ۋەتەنپەرۋەر زاتلىرىمىزنى بىر ئومومىي ئۇيۇشما ئىچىدە ئاساسىي جەھەتتىن بىرلەشتۈرگەن بولدۇق!

ئەسلىدە تاشقى دۇنيادا ياشاۋاتقان بارلىق ئۇيغۇر ئەۋلاتلىرى ۋەتەنپەرۋەردۇر، ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى باللىق چاغلىرىدىن تارتىپلا ۋەتەنپەرۋەرلىك تەربىيىسى بىلەن چوڭ بولغان بولسا، يەنە بىر قىسمى چەتئەللەردە مۇھاجىر بولۇپ يۈرۈپ ۋەتەنسىزلىكنىڭ دەرت ـ پىراقىنى يەتكىچە تارتقاندىن كېيىن ئۆز ۋەتىنىنىڭ قەدرىگە يەتكەنلەردىن ئىبارەتتۇر. بۇلارنىڭ ھەممىسى دىگۈدەك چامىسىنىڭ يېتىشىچە يا تەشكىلاتلارنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ۋەياكى يەككە ھالدا ۋەتىنىمىزنىڭ مۇستەقىللىقىنى ۋە خەلقىمىزنىڭ ھۆر ـ ئازاتلىقىنى قولغا كەلتۈرۈش غايىسى بىلەن، ھەرقايسى ھۆر ۋە دېموكراتىك ئەللەردە ئىمكانىيىتىنىڭ بېرىچە تىرىشچانلىق كۆرسۈتۈپ كەلمەكتە. چەتئەللەردىكى بارلىق تەشكىلاتلىرىمىزمۇ ، « بىز قانداق قىلساق ۋەتەن ئىچىدە ئېزىلىۋاتقان ۋە خارلىنىۋاتقان خەلقىمىزگە تېخىمۇ پايدىلىق خىزمەت قىلالايمىز؟ » دىگەننى كۆڭلىگە پۈكۈپ، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن خىزمەت قىلىپ كەلمەكتە ( شۇنى ئەسلىتىپ ئۆتمەكچىمەنكى،

مىللىي داۋايىمىز بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقان ھەركىم ئۆزىنىڭ ئائىلە تۇرمۇشىنى قامدىغاندىن سىرت، قالغان ۋاقىتلىرىدا پۈتۈن كۈچى بىلەن ۋەتەن - مىللەت ئۈچۈن خالىسانە ھالدا خىزمەت قىلىپ كەلمەكتە) . ئەپسۇسكى، ھەرقايسى ئەللەردىكى كۆپ ساندىكى تەشكىلات ۋە شەخسلىرىمىز بىر - بىرى بىلەن تولۇق ئالاقە ۋە ھەمكارلىق مۇناسىۋىتى ئورنىتالماي تارقاق ھالدا پائالىيەت قىلىپ كەلگىنى ئۈچۈن، خەلقئارا سىياسى سەھنىلەردە تولۇق بىر نەتىجە يارىتالمىدۇق. بىزنىڭ مەقسىدىمىز، مانا مۇشۇ تارقاق كۈچلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇيۇلتاشتەك مۇستەھكەم بىرلەشتۈرۈپ، بىر يەگدىن قول چىقىرىپ، مىللىي داۋايىمىزنى خەلقئارا سەھنىلەرگە مۇۋاپىقىيەتلىك ھالدا ئېلىپ چىقىشتىن ئىبارەتتۇر! شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، يېڭى قۇرۇلغان بۇ تەشكىلاتىمىز ئارقىلىق، ئۆۋەتتە ئېلىپ بېرىۋاتقان ئىشلىرىمىزنىڭ ئۈنۈمى تەبىئى ھالدا بىرنەچچە ھەسسە يۇقۇرى كۆتۈرۈلگۈسى! چۈنكى بىز بۇ مىللىي قۇرۇلتاي ئارقىلىق، ھەرقايسى جەھەتلەردىكى مەۋجۇت كۈچىمىزنى كۈچەيتكەن بولدۇق. ئەمما، خىزمەتلىرىمىزنىڭ تېخىمۇ ئۈتۈقلۇق بولۇشى ۋە خەلقئارا سەھنىلەردە ئۆزىمىزگە لايىق ئورۇننى ئىگەللىشىمىز - ئەلۋەتتىكى بىزنىڭ بىرلىك - باراۋەرلىكىمىزگە، ئۆزئارا سەمىمىيتىمىزگە، تىرىشچانلىقىمىزغا، ئىقتىسادى كۈچىمىزگە ۋە پىداكارلىقىمىزغا باغلىق!

تاشقى دۇنيادا ياشاۋاتقان شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ ئاساسى ۋەزىپىسى - ئۆزلىرى تۇرىۋاتقان ھەرقايسى ئەللەردە مىللىي مۇجادىلىمىزنىڭ تەرەققىياتىنى نەزەردە تۇتقان ھالدا تەشكىلاتلىنىشقا قاراپ يۈزلىنىشىمىز ۋە بۇ يول بىلەن مىللىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



قۇرۇلتاي سىپىگە قوشۇلۇپ، بىرياقىدىن باش چىقىرىپ، داۋاملىق تەشكىلىي رەۋىشتە ھەممىمىزنى ئۆزئىچىگە ئالغان بىرپۈتۈن تەشكىلات سۈپىتىدە دادىل قەدەملەر بىلەن خەلقئارا سەھنىگە چىقىشتىن ئىبارەت!

ھۆرمەت بىلەن: ئەنۋەرجان

(« شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ رەئىسى)

1999 ـ يىلى 16 ـ ئۆكتەبىر ( گىرمانىيە ـ مىيونخىن )

# باش ماقالە:

# « 2 ـ نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ جەڭگىۋار روھىنى تولۇق ئەمەللەشتۈرۈپ، ۋەتەن داۋاسىنى يېڭى پەللىگە كۆتۈرەيلى!

( 1992 ـ يىلى ئىستانبۇلدا چاقىرىلغان 1 ـ نۆۋەتلىك خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ سابىق رەئىسى ۋە كېزىتىمىزنىڭ تەھرىر ھەيئەت ئەزاسى ئەخمەت ئىگەمبەردىنىڭ گېزىتىمىزگە ۋاكالىتەن يازغان مەخسۇس ئوبزورى )

قەدىرلىك ۋەتەنداشلار:

دۇنيادىكى 10 دۆلەتتىن 16 تەشكىلاتنىڭ ۋەكىللىرىنىڭ ۋە بىرقىسىم مەشھۇر جامائەت ئەرباپلىرىمىزنىڭ ئىشتىراكى بىلەن بۇيىل 10 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىدىن 16 ـ كۈنىگىچە ياۋروپانىڭ يۈرىكى بولغان گىرمانىيەنىڭ ميونخىن شەھرىدە تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە 2 ـ نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى تەنتەنىلىك ھالدا ئۆتكۈزۈلدى، شۇنداقلا يىغىن ۋەكىللىرىنىڭ بىردەك ماقۇللىقى بىلەن، تاشقى دۇنيادىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ خەلقئارادىكى بىردىن ـ بىر ئالىي ئورگىنى ـ « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



قۇرۇلتىيى قۇرۇپ چىقىلدى. بۇ مۇناسىۋەت بىلەن مىللىي قۇرۇلتىيىمىزنى چىن دىلىمىزدىن قىزغىن تەبرىكلەيمىز ھەم مىللىي كۈرىشىمىزگە مۇۋاپىقىيەتلەر تىلەيمىز!

ھەممىمىزگە مەلۇمكى، بۇنىڭدىن 7 يىل مۇقەددەم، دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدا پائالىيەت قىلىۋاتقان بارلىق شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى تۈركىيەنىڭ ئىستانبول شەھرىگە جەم بولۇپ، تارىخى ئەھمىيەتلىك 1 ـ قېتىملىق « خەلقئارا شەرقىي تۈركىستان مىللىي قۇرۇلتىيى » نى ئېچىپ، دەسلەپكى قەدەمدە شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنىڭ ستىراتىگىيە ۋە تاكتىكا مەسىللىرىنى مۇزاكىرە قىلىپ، جەڭگىۋار پروگرامما ۋە خىتاپنامىلەرنى ئېلان قىلغان ئىدى.

تۇنجى قېتىملىق قۇرۇلتايدا ئېلىنغان سىياسەت ۋە قارارلار ئاساسىدا، خەلقئارادىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ئاساسىي جەھەتتىن ئىدىيەدە بىرلىككە كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىمكانىيەتلىرى يار بەرگەن ئاساستا، شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشتە كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، تارقاقلىشىشتىن بىرلىشىشكە، ئىتتىپاقسىزلىقتىن ئىتتىپاقلىققا، ئاجىزلىقتىن كۈچلىنىشكە، پارتىزانلىقتىن مۇنتىزىملىشىشقا، ئازچىللىقتىن كۆپچىللىككە يۈزلىنىپ، دوست، دۈشمەن ۋە بىزگە ھېسداشلىق قىلغۇچىلارنىڭ مىللى داۋايىمىزغا بولغان دىققەت ـ ئېتىۋارىنى قوزغىيالىغان ئىدۇق. لېكىن بەزى ئىچكى ۋە تاشقى سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن، خەلقارادىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ ۋە مەملىكەت ئىچىدىكى خەلقىمىزنىڭ ئارزۇ ـ ئارمان، جانىجان مەنپەتلىرىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان

ئابرۇيلۇق، كۈچلۈك تەشكىلى ئاپپراتىمىزنى تىكلەپ كېتەلمىدۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەملىكەت ئىچىدىكى قەھرىمان خەلقىمىزنىڭ ئىنقىلاۋى ھەركەتلىرى ۋە خەلقارادىكى ناھايىتى تىزدىن ئۆزگىرىۋاتقان ۋەزىيەتتىن كېيىن قالدۇق.

كوممۇنىستىك خىتتاي باسقۇنچىلىرى شەرقىي تۈركىستاننى قانۇنسىز بېسىۋالغان 50 يىلدىن بۇيان، خەلقىمىزنىڭ ئىنسان ھوقوقى، دېموكراتىيە ۋە ئۆز تەغدىرىنى ئۆزى ھەل قىلىش ھەققىدىكى تېنىچ ئىنسانى ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى ھېچقاچان نەزەرگە ئالغىنى يوق. خىتاي مۇستەملىكىچىلىرى تېنىچلىقپەرۋەر خەلقىمىزنىڭ قانۇنى ، سىياسىي تەلەپلىرىنى تېنىچ يول بىلەن ھەل قىلماي، خەلقىمىزنى ئۆزىنى قوغداش ئۈچۈن قوراللىق توقۇنۇشلارنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشقا مەجبۇرلىدى. بېيجىڭ دائىرلىرىنىڭ ئاتسىمىلاتسىيەنى ۋە قىرغىنچىلىقنى ئاساس قىلغان دۆلەت تېرور سىياستى يېرىم ئەسىردىن بۇيان كۈن ساناپ كۈچەيسە ـ كۈچەيدىكى، ھېچ ئاجىزلاشمىدى. مەسىلەن، 1990 ـ يىلى ئاپرىل « بارىن ئىنقىلاۋى »، 1995 ـ يىلى « 7 ئىيۇل خوتەن ۋەقەسى »، 1997 ـ يىلى فېۋرالدىكى « غولجا ۋەقەسى » قاتارلىق خەلقىمىزنىڭ سىياسى كۆرەشلىرىنى بېيجىڭ ھۆكۈمرانلىرى رەھىمسىزلارچە قانلىق باستۇردى.

خىتتاي ھۆكۈمىتى ئۆزىنىڭ مۇستەملىكىلىرىدە، بولۇپمۇ شەرقىي تۈركىستاندا مىللىتىمىزنى دۇنيا خەرىتىسىدىن ئۆچۈرۈپ تاشلاش ئۈچۈن، مىللىتىمىزگە قارىتا قىرىپ يوقۇتۇش سىياستىنى يۈرگۈزىۋاتىدۇ. ئۇلار دۇنيانىڭ بەزى جايلىرىدا يۈز بەرگەن تېرورىستىك ۋەقەلەرگە قارىتا غەربتىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بەزى مەملىكەتلەر تەرىپىدىن قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان « تېررورىزىم »، « فوندا مىنتالىزىم » دېگەندەك ناملارنى ئۆزلىرىنىڭ مۇستەملىكىچىلىك سىياسەتلىرىگە سۈيىئىستېمال قىلىپ، خەلقىمىزنىڭ ئۆز ـ ئۆزىنىڭ قانۇنى ھوقوقىنى قوغداش مەقسىدىدە تېنىچ، سىياسىي يول بىلەن ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەرىكەتلىرىنى رەھىمسىزلەرچە قانلىق باستۇرىۋاتىدۇ.

نۆۋەتتە بىزنىڭ مىللىي داۋايىمىزدا دۇچ كېلىۋاتقان جىددىي مەسىلىلەر شۇكى، سىياسىي كۆرەش بىلەن قوراللىق كۆرەشنىڭ مۇناسىبىتى، مىللىي داۋايىمىزنىڭ ئىسلام دۇنياسى بىلەن غەرىپ دۇنياسىدىكى يۆلۈنۈشى، دېموكراتىك خىتتايلار بىلەن بىلەن بولغان مۇناسىۋەتلەر ... قاتارلىق بىر قاتار مەسىلەردە خەلقارادىكى بەزى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى ۋە بەزى مەسئۇللىرىمىزنىڭ بۇ ساھادىكى سىياسەتلەرگە تۇتقان پوزىتسىيەسى ۋە ھەل قىلىش ئۇسولى ھەر خىل بولىۋاتىدۇ، شۇڭا، شەرقى تۈركىستان داۋاسىدىكى بۇ خىل ھەل قىلغۇچ مەسىلەرنى ھەل قىلماي، پىكىردە، ئىدىيەدە، ئىشتا بىرلىككە يەتمەي، شەرقى تۈركىستان داۋاسىنى غەلبىلىك ئېلىپ بارغىلى بولمايدۇ.

بولۇپمۇ يېقىنقى مەزگىللەردىن بۇيان ئامېرىكا ۋە ياۋرۇپانى ئاساس قىلغان ھۆر دۇنيا مۇملىكەتلىرى بېيجىڭ ھۆكۈمرانلىرىنىڭ ئۆز مۇستەملىكىلىردە، خىتتاي يۈرگۈزىۋاتقان دۆلەت تېرور سىياستىنى پەيدىن ـ پەي چۈشۈنۈپ يېتىپ، « بېيجىڭ » ماركىلىق بۇ قىزىل يالماۋۇزنىڭ سوغاق مۇناسىۋەتلەر ئۇرۇشىدىن كېيىن ئاسىيا ۋە دۇنيانىڭ تېنىچ ـ ئامانلىقىغا تەھدىد سېلىپ، دۇنياغا خوجا بولۇش غەرىزىدە تۇرىۋاتقان

بىردىن ـ بىر خەتەرلىك كۈچ ئىكەنلىكىگە كۆزى يېتىۋاتىدۇ، شۇنداقلا ئۇلار، 2 ـ دۇنيا ئۇرۇشىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە خىتاي ئىمپېرىيالىزىمىغا شەرقىي تۈركىستان، مانجۇرىيە، ئىچكى موڭغۇلىيە ۋە تىبەتكە ئوخشاش مۇستەملىكىلىرىنى قوشۇپ قويۇپ ئۆتكۈزگەن دۇنيا ستراتېگىيەسىدىكى زور خاتالىقىنى تونۇۋاتىدۇ. شۇڭا ئۇلار خىتاينىڭ دۇنيا بازىرى بولۇشتەك ئەۋزەللىكىگە قارىماي، شەرقىي تۈركىستان ۋە ئۇيغۇرلارغا دىققەت ـ ئېتىبارىنى ئالاھىدە تىكمەكتە.

يېقىنقى بىر ـ ئىككى يىلدىن بۇيان بىزنىڭ مىللىي داۋايىمىزغا، ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستانغا قىزىقىۋاتقان مەملىكەتلەر كۆپەيمەكتە. ئامېرىكا ۋە ياۋروپادىكى كۆپلىگەن مەملىكەتلەرنىڭ مىللىي پارلامېنتلىرى، خەلقارا تەشكىلاتلار ئۆزلىرىنىڭ يىغىنلىرىغا شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ ۋەكىللىرىنى ئۆزلىرى چاقىرىپ، شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى دۇنياغا ئاڭلىتىشتا ئالاھىدە رول ئويناۋاتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن،خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ شەرقىي تۈركىستان خەلقىنى « شىنجاڭ » دىگەن قانلىق قەپەزدە ئۇجۇقتۇرۇپ، ئۇنىڭ داۋاسىنى دۇنياغا ئاڭلاتمايمەن،دىگەن خام خىياللىرى تامامەن بىت ـ چىت بولدى. بۇ يىل بىرلەشكەن دۆلەتلەر تەشكىلاتىنىڭ جەنۋەدىكى ئىنسان ھەقلىرى كومىتېتى چاقىرغان ئۆزىنىڭ 55 ـ قېتىملىق ئومومى يىغىنىدا، خەلقارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ خىتتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاندىكى ئىنسان ھەقلىرىنى ئېغىر ھالدا دەپسەندە قىلىۋاتقانلىقىغا ئائىت 92 ـ بەتلىك ئومومى دوكلاتى 100 دىن ئوشۇق مەملىكەتلەردىن كەلگەن ۋەكىللىرگە، پارلامېنت ئەزالىرىغا،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى




خەلقارا تەشكىلاتلارغا تارقىتىپ بېرىلدى. بۇ، خىتاي مۇستەملىكىچىلىرىنىڭ بېشىغا چۈشكەن ئەجەللىك بومبا بولدى.بۇ مۇناسىۋەت بىلەن بىز، خەلقارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ بۇ ھەققانىي، دادىل ھەركىتىنى چىن دىلىمىزدىن تەبرىكلەيمىز ۋە خەلقىمىز نامىدىن ئۇلارغا تۈگىمەس تەشەككۈرلىرىمىزنى ئىزھار قىلىمىز.

مۇشۇنداق بىر ئىچكى ـ تاشقى ۋەزىيەت ئاستىدا، خەلقىمىزنىڭ كۈچلۈك ئارزۇ ـ تەلەپلىرىگە ئاساسەن گېرمانىيەدىكى « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى »، « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » ۋە « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » نىڭ تەشكىللىشى، « خەلقارا شەرقىي تۈركىستان مىللىي مەركىزى » نىڭ قوللىشى ، گېرمانىيە ۋە باشقا ئەللەردىكى شەرقىي تۈركىستانلىق قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ماددىي ياردىمى بىلەن خەلقارادىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ تارىخىدا زور ئەھمىيەتكە ئىگە بولغان 2 ـ قېتىملىق « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېن شەھرىدە غەلىبىلىك ھالدا ئېچىلدى. بۇقېتىمقى قۇرۇلتايغا خەلقارادىكى 10 دىن ئارتۇق مەملىكەتلەردە ئىستىقامەت قىلىۋاتقان تەشكىلاتلارنىڭ ۋەكىللىرى قاتناشتى.

سىزلەرگە مەلۇمكى، تاشقى دۇنيادىكى مىللىي مۇجادىلىمىز، شەرقىي تۈركىستانلىق مىللىي رەھبەرلىرىمىزدىن مۇھەممەت ئىمىن بۇغرا، ئەيسا يۈسۈپ ئالىپتېكىنلەر رەھبەرلىكىدە 50 ـ يىللارنىڭ بېشىدىن باشلاپ تۈركىيەنى ئاساس قىلغان ھالدا ئوتتۇرا شەرىق مەملىكەتلىرىدىن باشلانغان ئىدى.ھازىرقى دۇنيا

ۋەزىيىتىنىڭ تەقەززاسىغا ئاساسەن، داۋايىمىزنىڭ مەركىزىنىڭ ياۋروپانىڭ يۈرىكى بولغان گېرمانىيەگە يۆتكىلىشى ــ شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنىڭ يېڭى بىر باسقۇچقا كىرگەنلىكىدىن، دۇنيا ۋەزىيىتىنىڭ داۋايىمىزغا پايدىلىق تەرەپكە يۈزلەنگەنلىكىدىن دېرەك بەردى. قۇرۇلتايىمىز بۇندىن كېيىنكى پائالىيەتلىرىمىزنى ئېخچام ئېنىق، ئېخچام نىشانلىق، ئېخچام مەركەزلىك ئېلىپ بېرىش ئۈچۈن، قۇرۇلتاي ئەنجىسىدە قۇرۇلتىيىمىزنىڭ رەھبەرلىك ئورگىنى ئاساسىي جەھەتتىن ياشلاشتۇرۇلدى، قۇرۇلتاي دائىمىي كومىتېتىغا تارىخىمىزدا 1 - قېتىم ئاياللاردىن 2 ۋەكىل كىرگۈزۈلدى. بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايدا دېموكراتىيە تولۇق جارى قىلدۇرۇلۇپ، ئۆز ئارا پىكىرلىشىش، دوسلۇق، قېرىنداشلىق روھىدا ئۆتتى، قۇرۇلتايدا قوبۇل قىلىنغان نىزامنامە، قارار، خىتاپنامىلەر 1 - قۇرۇلتاي ئېچىلغاندىن كېيىنكى 7 يىل جەريانىدا قېرىنداشلىرىمىزنىڭ شەرقىي تۈركىستان داۋاسىنى ئېلىپ بېرىشتىكى سەۋىيەسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى.

قۇرۇلتاي، ئىتتىپاقلىق، ھەمدەملىك روھىنى جارى قىلدۇرۇپ، داۋايىمىزنىڭ ئۇزۇن تارىخى مۇساپىسىنى ئەسلەپ، مەسىلىلەرگە ئىلمىي پوزىتسىيە بىلەن مۇئامىلە قىلىپ، كونا ئەنئەنە ۋە قاراشلارغا تەنقىدىي نەزەردە قاراپ، داۋايىمىزنى ئىمكان قەدەر دۇنياغا يۈزلەندۈرۈشكە تىرىشىپ، يېڭى سىياسەت، يېڭى تاكتىكىلارنى بەلگىلەپ، ۋەتەن - خەلقىمىزنىڭ مەنپەئەتىگە پايدىلىق ئەنجىلەرگە ئېرىشتى. ئۇيغۇر خەلقى تىنىچ، خاتىرجەم، دېموكراتىك ئاساستا ئۆز ۋەتىنى شەرقىي تۈركىستاندا ئەركىن ياشاشنى خالايدۇ ھەم شۇنداق ياشاشقا قادىر مىللەتتۇر،

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



تارىخلاردىمۇ شۇنداق بولغان، بۇندىن كېيىنمۇ شۇنداق قىلىپ ياشىيالايدۇ. مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستان ھېچبىر زامان ئاسىيا ۋە دۇنيا تېنچلىقىغا تەھدىت سېلىپ دۇنيا خەلقلىرىگە زىيان كەلتۈرمەيدۇ. ئەكسىچە، كوممۇنىستىك خىتتايلارنىڭ كېڭەيمىچىلىكى ۋە زوراۋانلىقىنى توسۇپ، دۇنيا تېنچلىقى ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشىدۇ. ئەگەر شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل بولغان بولسا ئىدى، خىتتاي شەرقىي تۈركىستاننىڭ بايلىقىدىن ۋە كەڭ زېمىدىن پايدىلىنىپ بۈنچىلىك كۈچلىنىپ ئاتوم مەملىكىتىگە ئايلىنىپ كېتەلمەيتى. شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىل بولغان بولسا، خىتتاي بۈگۈنكىدەك دەرىجىدىن تاشقىرى چوڭ مەملىكەت بولۇپ، دۇنيانىڭ خوجايىنلىقىنى تالىشالمايتى. شەرقىي تۈركىستاننىڭ بايلىقى بۈگۈن كوممۇنىستىك خىتتاينىڭ ئىنفىرئالىستىك كېڭەيمىچىلىكى ئۈچۈن ئاساسى بايلىق مەنبەسى بولىۋاتىدۇ.

بىز دۇنيا مەملىكەتلىرى، ياۋروپا مەملىكەتلىرى، ئىسلامى مەملىكەتلەر ۋە بارلىق دىندىكى دۇنيا مەملىكەتلىرى بىلەن تېنىچ، ئىناق بولۇپ ياشايمىز، ئېناق خوشنىدارچىلىقنى تىكلەشنى خالايمىز.بىزنىڭ مەقسىدىمىز ۋە مۇستەقىل داۋايىمىز دۇنيا خەلقىنىڭ مەنپەئەتى بىلەن بىر، ئۇنىڭ بىلەن زىت ئەمەس. شۇنىڭ ئۈچۈن ئامېرىكا ۋە ياۋروپا باشچىلىقىدىكى ھەر دۇنيا مەملىكەتلىرىنىڭ بىزنىڭ مۇستەقىللىق داۋايىمىزنى قوللىشىنى ئۈمىت قىلىمىز.

قەدىرلىك ۋەتەنداشلار، 2 ـ قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى دەل پەيتىدە ئېچىلدى. دۇنيا ھازىر 21 ـ ئەسىرگە قەدەم تاشلاش ئالدىدا! تۇرۇپتۇ. 21 ـ ئەسىر

ــ دۇنيادا ئىنسان ھەقلىرى، دېموكراتىيە ۋە ئۆز تەغدى
ئۆزى بەلگىلەش ھوقوقلىرىغا ھۆرمەت قىلىش تازا كۈچەيگ
بىر دەۋىر بولدۇ، بىزنىڭ شەرقىي تۈركىستان داۋايىمىزمۇ د
بۆلگۈچ بىر باسقۇچقا يېتىپ كەلدى. بۇ ھەق، ئەركىن
مۇستەقىللىق ھەرگىزمۇ باشقا تەرەپتىن ئېنئام قىلىنمايدۇ،
مىللىتىمىزنىڭ ھەق ـ ھوقوقىنى پەقەتلا ھەممىمىز بىرلىش
ئىتىپاقلىشىپ قىلغان كۆرەشلىرىمىز نەتىجىسىدىلا قول
كەلتۈرەلەيمىز.

يېڭى 21 ـ ئەسىر ئۇپۇقىنىڭ ئالتۇننۇرلىرى قىزىرىۋاتىدۇ،
ئېتىۋاتىدۇ. تۈرايلى! شۇ تاڭ قويىنىدا مۇستەقىللىقىمىز
ئۇلۇغ ئەيياملىرىنى كۈتۈپ ئالايلى! « شەرقىي تۈركىست
ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » ناملىق بۇ باش شتابىمىز
ئەتراپىغا بىر نىيەت، بىر مەقسەت بىلەن چىڭ ئۇيۇش
داۋايىمىزنى دۇنياغا يۈزلەندۈرۈپ، مۇستەقىل شەر
تۈركىستان ئۈچۈن كۆرەش قىلايلى!

**ياشىسۇن 2 ـ قۇرۇلتىيىمىزنىڭ جەڭگىۋار روھى!**
**ياشىسۇن ھۆر، ئازات، مۇستەقىل شەرقىي تۈركىستا**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# « شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ رەئىسى ئەنۋەرجاننىڭ « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » غا يازغان تەكلىۋى

« دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » نىڭ رەئىسى هۆرمەتلىك ئۆمەر قانات ئەپەندىگە ۋە قۇرۇلتاي رەهبەرلىكىگە تەكلىپ:

سىزلەرگە مەلۇم بولغىنىدەك، 2 ـ نۆۋەتلىك « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى »، « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى »، « شەرقىي تۈركىستان ئىنفورماتسىيون مەركىزى » ۋە « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » نىڭ بىرلىكتە ساهىپخانلىق قىلىشى بىلەن مۇۋاپىقيەتلىك ئۆتكۈزۈلدى.

مىللىي قۇرۇلتىيىمىزنىڭ ئاساسلىق مەقسەتلىرىنىڭ بىرى ـ ئالدى بىلەن ئۆزئارا ئىتتىپاقىمىزنى ۋە سەپىمىزنى مۇستەهكەملەش، ۋەتەن سىرتىدىكى بارچە تەشكىلاتلارنى، جۈملىدىن « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى » قۇرۇلتىيى » نىمۇ مىللىي قۇرۇلتىيىمىز ئەتراپىدا بىرلەشتۈرۈش ئۈچۈن تىرىششتۇر. شۇنىڭ

ئۇچۇنمۇ مىللىي قۇرۇلتىيىمىزنىڭ ئومۇمىي قارارىنىڭ 10 ـ ماددىسىدا، « مىللىي قۇرۇلتىيىمىز ـ 1996 ـ يىلى گېرمانىيەنىڭ مىيونخېن شەھرىدە چاقىرىلغان « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » نىڭ پائالىيەتلىرىنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەيدۇ ۋە ئۇلار بىلەن بولغان ھەمكارلىقىنى داۋاملاشتۇرىدۇ، شۇنداقلا ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ ئۆزىنىڭ نىزامنامىسىگە ماس ھالدا مىللىي قۇرۇلتىيىمىزنىڭ ياشلار كومىتېتى سۈپىتىدە يەر ئېلىپ پائالىيەت ئېلىپ بېرىشىنىڭ مىللىي داۋايىمىزنى يەنىمۇ كۈچلەندۈرىدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ، مىللىي قۇرۇلتىيىمىز ياشلار قۇرۇلتىيى رەھبەرلىك ئورگىنىنى ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بۇيولدا ئىجابىي قەدەم تاشلاشقا چاقىرىدۇ ۋە قۇرۇلتاي رەھبەرلىك ئورگىنىمىزمۇ بۇ مەقسەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن ئەمىلىي ھەرىكەتكە كىرىشىدۇ » دەپ كۆرسۈتۈلگەن ئىدى.

شۇ ئاساستا بىز ياشلار قۇرۇلتىيى رەھبەرلىكىنى مۇشۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ئامېرىكىدا چاقىرىلىدىغان 3 ـ نۆۋەتلىك قۇرۇلتىيدا مىللىي قۇرۇلتىيىمىزغا رەسمىي قوشۇلۇش ھەققىدە قارار ئېلىنىشى ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشقا چاقىرىمىز. شۇنىڭغا ئىشەنچىمىز كامىلكى، مىللىي قۇرۇلتىيىمىز بىلەن ياشلار قۇرۇلتىيىنىڭ بىرلىشىشى، ۋەتەن سىرتىدىكى مىللىي داۋايىمىزنىڭ كۈچىيىشىگە ھەسسە قوشقىنىدەك، قىلىۋاتقان ئىشىمىزنىڭ ئۈنۈمىنى بىرنەچچە ھەسسە ئاشۇرغۇسى ۋە شۇنداقلا ۋەتەندىكى خەلقىمىزنىڭ ئۈمىتۋارلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتكۈسى! شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ياشلار قۇرۇلتىيى رەھبەرلىكىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى قەدەملىرىنى، ئامېرىكىدا ئېچىلىدىغان 3 ـ قېتىملىق قۇرۇلتىيدا مىللىي قۇرۇلتىيىمىز بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ياشلار قۇرۇلتىيىنى بىرلەشتۈرۈشنى نەزەردە تۇتقان هالدا تاشلىشنى ئۇمۇت قىلىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىرگە، مىللىي قۇرۇلتىيىمىزنىڭ 6 ئايدا بىرقېتىم چاقىرىلىدىغان دائىمىي كومىتېت يىغىنىنىڭ 2 ـ قېتىملىقىنى ياشلار قۇرۇلتىيى رەهبەرلىرى بىلەن مەسلىهەتلىشىپ تۇرۇپ، 3 ـ قېتىملىق ياشلار قۇرۇلتىيى بىلەن ئەينى جايدا ۋە ئەينى ۋاقىتتا بىرلىكتە ئۆتكۈزۈش مۇمكىنچىلىكىنى ئەسكەرتىپ ئۆتمەكچىمىز.

پەقەتلا ۋەتەن ـ مىللەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ھەممىمىزنىڭ مۇشتەرەك غايىسى، بىز قانچە تېز بىرلەشسەك، دۈشمەنىنىڭ شۇنچە كۆپ چۆچۈيدىغانلىقىنى ۋە زۇلۇم ئاستىدىكى خەلقىمىزنىڭ شۇنچە كۆپ سۆيۈنىدىغانلىقىنى نەزەردە تۇتقان هالدا، بۇ تەكلىۋىمىزنى جىددىي مۇزاكىرە قىلىپ، بۇ ھەقتە بىزگە بىر ھەپتە ئىچىدە يازما جاۋاپ قايتۇرۇشىڭلارنى ئۈمىت قىلىمەن.

ھۆرمەت ۋە ئېهتىرام بىلەن:

ئەنۋەرجان

« شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ رەئىسى

2000 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى ( گېرمانىيە ـ مىيونخىن )

# « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » ۋە « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » نىڭ ۋەكىللىرى فىرانسىيەدە جاڭزېمىنغا قارشى ئۆتكۈزۈلگەن بىرلەشمە نامايىشقا قاتناشتى

مەركىزى ئورگىنى گېرمانىيەنىڭ مىيونخېن شەھىرىدە بولغان « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » بىلەن « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » نىڭ رەھبەرلىرى گېرمانىيەدىن بىرقىسىم ئۇيغۇرلارنى باشلاپ فىرانسىيەگە بېرىپ، يۇيىل 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنىدىن 24 ـ كۈنىگىچە فىرانسىيەنىڭ لىئون، پارىژ قاتارلىق شەھەرلىرىدە خىتاينىڭ دۆلەت رەئىسى جاڭ زېمىننىڭ فىرانسىيەگە زىيارەتكە كەلگەنلىكى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن نارازىلىق نامايىشلىرىغا قاتناشتى.

ئالدى بىلەن 10 ـ ئاينىڭ 22 ـ كۈنى « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى» نىڭ بىر گۇرۇپ ئەزالىرى، ياشلار قۇرۇلتىيى ئىجرائىيە كومىتېتىنىڭ رەئىسى دولقۇن ئەيسانىڭ يېتەكچىلىكىدە گېرمانىيەنىڭ مىيونخېن شەھىرىدىن فىرانسىيەنىڭ ئۈچۈنچى چوڭ شەھىرى « لىئون » گە يېتىپ بېرىپ، تىبەت، ئىچكى موڭغۇلىستان ۋە دېموكراتىك خىتتاي تەشكىلاتلىرى بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



بىرلىكتە « لىئون » دېگەن « مەتبۇئات سارىيى » نىڭ ئالدىدا خىتتايغا قارشى چوڭ كۆلەملىك بىرلەشمە نامايىش ئۆتكۈزدى. بۇقېتىمقى نامايىشقا يۇقىرىقى تەشكىلاتلار ۋە ئۇلارنىڭ فىرانسىيەدىكى يەرلىك خەلقتىن تەشكىل تاپقان قوللىغۇچىلىرىدىن بولۇپ جەمئى 2 مىڭغا يېقىن كىشى قاتناشتى. نامايىشچىلارنىڭ خىتتاي دېكتاتورىسى جاكىزىمىنغا قارشى تووۋلىغان شۇئارلىرى « مەتبۇئات سارىيى » نىڭ ئالدىنى زىل ـ زىلىغا سالغان ئىدى. ئادەم دېڭىزىغا ئايلانغان مەيدان ئىچىدە ئۆزىنىڭ ئاي ـ يۇلتۇزلۇق بايرىقى ۋە كۆركەم مىللىي كىيىملىرى بىلەن چەتئەل مۇخبىرلىرىنىڭ دىققەت ـ ئېتىۋارىغا سازاۋەر بولغان ئۇيغۇر نامايىشچىلىرى ، مۇستەبىت خىتتاي ھاكىمىيىتىگە قارشى شوئارلار يېزىلغان ھەرخىل لوزۇنكا ۋە تاختىلارنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، خىتتايغا قارشى تەشۋىقات ۋاراقلىرى نى تارقىتىپ ۋە جەڭگىۋار شۇئارلارنى تووۋلاپ ، ئۇيغۇرلارنىڭ كوممۇنىست خىتاي ھاكىمىيىتىگە بولغان چەكسىز ئۆچمەنلىكىنى تولۇق ئىپادىلىدى.

ئۇنىدىن باشقا يەنە ئالاھىدە تىلغا ئېلىشقا ئەرزىيدىغىنى شۇكى، « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىنىڭ رەئىسى ۋە 30 يىللىق ھاياتىنى خىتتاينىڭ قاراڭغۇ زىندانلىرىدا ئۆتكۈزگەن ئاتاغلىق جامائەت ئەربابىمىز ھەم مەشھۇر تارىخچىمىز ھاجى ياقۇپ ئانات ئەفەندىمۇ نامايىشنىڭ ئۈنجى كۈنىدىن ئېتىبارەن باشلاپ قۇرۇلتىيى تەرىپىدىن تەشكىللەنگەن نامايىشچىلار سېپىدا بەر ئالغان ئىدى. نامايىش جەريانىدا ھاجى ياقۇپ ئەپەندى ئۇيغۇرلارغا ۋاكالىتەن بىرقانچە قېتىم ئالاھىدە نوتۇق سۆزلەپ،

شەرقىي تۈركىستان، تىبەت، ئىچكى موڭغۇلىستان ۋە دېموكراتىك خىتاي تەشكىلاتلىرىنىڭ ئەزالىرىدىن تەركىب تاپقان نامايىشچىلارغا ۋە نامايىشلارنى كۆزەتكەن يەرلىك خەلققە، ئۆۋەتتە شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ ئىنسانىي ھەق - ھوقۇقلىرىنىڭ كوممۇنىست خىتتاي ھاكىمىيىتى تەرىپىدىن قاتتىق ئاياق - ئاستى قىلىنىۋاتقانلىقىنى ئەمەلىي مىساللار بىلەن جانلىق ۋە تەسىرلىك شەكىلدە بايان قىلىپ ,نامايىشقا قاتناشقۇچىلارنىڭ ۋە چەتئەللىكلەرنىڭ ئۇيغۇر خەلقىگە بولغان ئالاھىدە ھېسداشلىقىنى قوزغىدى.

10 - ئاينىڭ 23 - كۈنى « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » نىڭ ئەزالىرىدىن تەشكىل تاپقان نامايىشچىلىرىمىز، خىتاي رەئىسى جاڭ زېمىننىڭ فىرانسىيە پىرېزىدېنتى شىراكنىڭ تۇغۇلغان يۇرتى « BREVE » دېگەن ئۆيگە تەكلىپ قىلىنغانلىقىنى ئاڭلاپ ,ئارقىسىدىن قوغلاپ « BREVE » گە يېتىپ بېرىپ شىراكنىڭ سارىيىنىڭ ئەتراپىنى چۆرۈدەپ ئورۇنلىشىپ، بۇ يەردىمۇ بىر نامايىش سېپى ھاسىل قىلىپ، خىتايغا قارشى ئۈنلۈك ھالدا شوئار توۋلاپ ۋە تەشۋىقات ۋاراقلىرىنى تارقىتىپ ,ئۇيغۇر داۋاسىنى « BREVE » خەلقىگە ئاڭلاتتى. نامايىشچىلارنىڭ ھەيۋىتىدىن قورققان جاڭزېمىن ۋە ئۇنىڭ ھەمراھلىرى سارايدىن چىقىشقا جۈرئەت قىلالمىدى.

10 - ئاينىڭ 24 - كۈنى ، بۇقېتىمقى مارافونچە نامايىشنىڭ 3 - كۈنى « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » ۋەكىللىرى فىرانسىيەنىڭ پايتەختى پارىژغا يېتىپ كېلىپ، پارىژنىڭ پۈتۈن دۇنياغا مەشھۇر باستىلىيە مەيدانىدا جاڭزېمىنغا قارشى نامايىش قىلىش ئۈچۈن يىغىلغان بىرقانچە يۈز كىشىلىك

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



نامايىشچىلار سېپىگە قوشۇلۇپ، بۇ يەردىمۇ چوڭ كۆلەملىك نامايىش ئۆتكۈزدى.

10 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى، « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيىنىڭ باش كاتىۋى « ياۋروپا شەرقىي تۈركىستان بىرلىكى » نىڭ رەئىسى ئەسقەرجانمۇ، خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى فىرانسىيە شۆبىسى ۋە فىرانسىيەدىكى تىبەت تەشكىلاتلىرىنىڭ تەكلىۋىگە ئاساسەن، شۇكۈنى پارىژدا ئۆتكۈزۈلىدىغان جاڭ زېمىنغا قارشى نامايىشقا قاتنىشىش ئۈچۈن بىر گۇرۇپ ئۇيغۇرنى باشلاپ گېرمانىيەدىن ئالاھىدە پارىژ شەھرىگە كېلىپ، بۇيەردىكى نامايىشچىلىرىمىزنىڭ سېپىگە قوشۇلدى. ئۇيغۇر نامايىشچىلار باستىللىيە مەيدانىدا ئۆتكۈزۈلگەن ھەيۋەتلىك نامايىش جەريانىدا ئۇيغۇرلارنىڭ ئىنسان ھەقلىرىنىڭ دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىقى توغرىسىدا كەڭ ـ كۆلەمدە تەشۋىقات ئېلىپ بېرىپ، چەتئەل مۇخبىرى ۋە ئاممىسىنىڭ ئۇيغۇرلارغا بولغان قىزىقىشىنى ۋە ھىسداشلىقىنى قولغا كەلتۈردى.

شۇكۈنى مىللىي قۇرۇلتىيىمىزنىڭ باش كاتىۋى ئەسقەرجان نامايىشقا قاتنىشىشتىن بۇرۇن ئالدى بىلەن « خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى فىرانسىيە شۆبىسى » نىڭ پارىژدىكى ئىشخانىسىنى زىيارەت قىلىپ، بۇيەردە « خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى فىرانسىيە شۆبىسى » نىڭ ئاساسلىق مەسئۇللىرىغا شەرقىي تۈركىستاننىڭ نۆۋەتتىكى سىياسى ۋەزىيتى ھەققىدە تەپسىلى مەلۇمات بەردى. كۆرۈشۈش جەريانىدا فىرانسىيەدىكى خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتىنىڭ مەسئۇللىرىمۇ بۇنىڭدىن كېيىن ئۇيغۇرلار بىلەن بولغان ھەمكارلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىدىغانلىقىنى ۋە

ئۆزلىرى باشقۇرۇۋاتقان تۈرلـۈك مـەتبۇئات ۋاستىلىرى ئـارقىلىق شـەرقىي تۈركىسـتان مەلىسىسـىنى فىرانسـىيە خەلقىغـە ئـاكتىپ شەكىلدە تەشۋىق قىلىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈشتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورىكى
www.uyghurkitap.com



# « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » رەئىسى ئەنۋەرجاننىڭ بارلىق شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىرىگە يوللىغان مۇراجەتنامىسى

سىزلەرگە مەلۇم بولغىنىدەك ، 1999 ـ يىلى ئۆكتەبىر ئېيىنىڭ 12 ـ كۈنىدىن 16 ـ كۈنىگىچە گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېن شەھرىدە كۆپچىلىك تەشكىلاتلىرىمىزنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ ۋە بىرقىسىم پىشقەدەم جامائەت ئەرباپلىرىمىزنىڭ ئىشتىراكى بىلەن، بۇقېتىمقى 2 ـ نۆۋەتلىك « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيىنى مۇۋاپپىقىيەتلىك ئۆتكۈزدۇق. بۇ يىغىنىنىڭ نەتىجىسىدە مىللىي قۇرۇلتايىمىزنىڭ نىزامنامىسى تەستىقلاندى ۋە مىللىي قۇرۇلتاينىڭ مەركىزى گېرمانىيەنىڭ ميۇنخېن شەھرى قىلىپ بېكىتىلدى، بۇ ئالىي ئورگىنىمىزنى پات يېقىندا گېرمانىيەدە رەسمىي قانۇنىي تىزىمغا ئالدۇرىمىز.

قۇرۇلتىيىمىزنىڭ يىگانە مەقسىدى ـ چەتئەللەردىكى بارچە تەشكىلاتلىرىمىزنى بىرلەشتۈرۈپ ، بىر يەگدىن قول چىقىرىپ، مىللىي داۋايىمىزنى تەشكىلىي رەۋىشتە خەلقارا سەھنىگە ئېلىپ چىقىشتۇر.

بۇ قېتىمقى قۇرۇلتايغا قىسمەن تەشكىلاتلىرىمىز ۋە پىشقەدەم رەھبەرلىرىمىز بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن قاتنىشالمىغان ئىدى، شۇڭا مەن بۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن

يۇقىرىمىقى قۇرۇلتىيىمىزغا قاتنىشالمىغان تەشكىلاتلىرىمىز ۋە جامائەت ئەرباپلىرىمىزنى بۇ بىرلەشكەن سېپىمىزگە قوشۇلۇپ، داۋايىمىزنى دۇنيا سەھنىسىگە ئېلىپ چىقىشىمىزغا يار ـ يۆلەكتە بولۇشنى ئىلتىماس قىلىمەن!

شۇنى ئالاھىدە ئەسكەرتىپ ئۆتمەكچىمەنكى، بىز ھېچقانداق شەخس ۋە تەشكىلات بىلەن ھېچ ئەرسىنى تالاشمايمىز، مۇھاجىرەتتىكى شەرقىي تۈركىستانلىقلارنىڭ بىرلىك ـ بارەۋەرلىكىنى ساقلاش ئۈچۈن ھەركىم بىلەن ھەرقانداق شارائىتتا ۋە ھەر يەردە ئۇچرۇشۇپ، مۇقەددەس مىللىي داۋايىمىزنى بىرلىكتە قانداق قىلىپ تېخىمۇ ياخشىراق يۈرگۈزۈش ئۈچۈن سۆزلۈشۈشكە تەييارمىز!

كېلىڭلار، قولنى قولغا بېرەيلى! ئۆتمۈشكە سالاۋەت دەپ، بۈنگىدىن كېيىن يۇرتىمىزدا خىتتاي زۇلمى ئاستىدا ئېزىلىۋاتقان ، قىرىلىۋاتقان ۋە مىللىي داۋايىمىز ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلىۋاتقان خەلقىمىزگە قانداق قىلىپ تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلىشنىڭ ئىمكانلىرىنى ئىزدەيلى!

21 ـ ئەسىرگە قەدەم بېسىۋاتقان شۇ كۈنلەردە يۇرسەتنى قولدىن بەرمەي ,مەۋجۇت خەلقارا قولاي شارائىتتىن تېخىمۇ ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ بىرگە ھەركەت قىلايلى! بىرگە بۇلايلى ۋە خەلقىمىزنىڭ ساداسىغا قۇلاق سالايلى!

1999 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 21 ـ كۈنى ( گېرمانىيە ـ مىيونخىن )

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



# « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ رەئىسى ئەنۋەرجاننىڭ ئامېرىكىغا يوللىغان مەكتۇبى

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم مۆھتەرەم غۇلامىددىن ئاكا، ئالدى بىلەن سىز ئارقىلىق ھۆر، دېموكراتىك ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىدا ياشاۋاتقان بارلىق يۇرتداشلىرىمغا سەمىمى سالام يوللايمەن! شۇنداقلا سىلەرنىڭ بايرىمىڭلارنى تەبرىكلەش بىلەن بىرگە، بايرام مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈۋاتقان يىغىنىڭلارغا مۇۋاپىقىيەتلەر تىلەيمەن!

ئامېرىكىدا ئىستىقامەت قىلىۋاتقان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزنىڭ تىرىشچانلىقى نەتىجىسىدە كېيىنكى يىللاردىن بۇيان ئامېرىكا قوشما شتاتلىرىدا مىللىي داۋايىمىزنىڭ كۈندىن ـ كۈنگە جانلىنىۋاتقانلىقىنى پەخىرلىنىش ئىچىدە كۆزىتىپ كېلىۋاتىمىز!

سىزلەرگە مەلۇم بولسا كېرەك، مىللىي قۇرۇلتىيىمىزنىڭ ئالدىمىزدىكى ئىككى يىل ئىچىدىكى ئاساسلىق ۋەزىپىلىرىنىڭ بىرى ـ بەزى سەۋەپلەر تۈپەيلىدىن بۇ تەشكىلاتىمىزغا كىرەلمىگەن ئاز ساندىكى تەشكىلاتلىرىمىزنى ۋە يەككە ھالدا ۋەتەن داۋاسىنى قىلىپ كېلىۋاتقان شەخسلىرىمىزنى ئۆز سېپىمىزگە جەلىپ قىلىپ، بىرلىك ـ باراۋەرلىكنى تولۇق ھالدا ئىشقا ئاشۇرۇشقا تىرىشىشتىن ئىبارەت! چۈنكى، ئۆزئارا ئىناق ۋە

ئىتتىپاق بولماي تۇرۇپ، قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىزدىن تولۇق نەتىجە ئالالمايدىغانلىقىمىز ھەممىمىزگە ئايان، بۇنى ھەتتا دۈشمىنىمىز خىتايلارمۇ ياخشى بىلىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ خىتاي ھۆكۈمىتى بىزنىڭ مىللىي سېپىمىزدە ئىتتىپاقسىزلىق پەيدا قىلىش ئۈچۈن تۈرلۈك ھىلە - نەيرەڭلەرنى ئىشلىتىپ كەلمەكتە!

ئېسىمدە قېلىشىچە مەن ئەمدىلا 7 ياشقا قەدەم قويۇپ، باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 1 - يىللىقىدا يېڭى دەرس باشلىغان كۈنلىرىمدە، مۇئەللىمىمىز بىرتۇتام سەرەڭگە تېلىنى باغلاپ، « بۇنى كىم سۇندۇرالايدۇ؟ » دەپ قولىمىزغا بەرگەندە، سىنىپتىكى ھەممىمىز ئىنتىلىشىپ تەرلەپ - پىشىپ شۇنچە كۈچەپمۇ بۇ بىر باغلام سەرەڭگە تېلىنى سۇندۇرالمىغان ئىدۇق، كېيىن مۇئەللىم ھېلىقى سەرەڭگىنى ئايرىپ بىرىمىزگە بىرتالدىن تارقىتىپ بەرگەن ئىدى، ئۇنى ھەممىمىز سۇندۇرىۋەتكەن ئىدۇق. بۇ مىللەتچى، ۋەتەنپەرۋەر مۇئەللىمىمىزنىڭ ئەينى چاغدا نېمە دېمەكچى بولغانلىقىنى مانا ھازىر ياخشى چۈشۈنىۋاتىمەن!

بىز ھازىر ناھايىتى موھىم بىر مەزگىلدە تۇرىۋاتىمىز، ۋەتىنىمىزدە خەلقىمىزنىڭ ھۆر - ئازاتلىقى ئۈچۈن قىممەتلىك جانلىرىنى پىدا قىلىۋاتقان، قاراڭغۇ زىندانلاردا زۇلۇم چېكىۋاتقان، تۇل - يېتىم قېلىۋاتقان ... خەلقىمىزنىڭ ئېچىنىشلىق ساداسىنى دۇنيا جامائەتچىلىكىگە لايىقىدا ئاڭلىتىمىز دەيدىكەنمىز، ئۇھالدا بىز ئۆزئارا تېخىمۇ ئىناق ۋە ئىتتىپاق بولۇپ، بىر يەڭدىن قول چىقىرىپ، ئومومى بىر تەشكىلات ئىچىدە بىرلىشىپ، تەشكىللىك ۋە كوللىكتىپ ھالدا ھەرىكەت ئېلىپ بېرىشىمىز لازىم!

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



ئەلۋەتتىكى، ئامېرىكىدا ياشاۋاتقان ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىنىڭ بۇ مەسىلىنى مەندىنمۇ ياخشى ئويلاپ يېتىدىغانلىقىغا ۋە بىرلىك ـ باراۋەرلىك ئىچىدە ئىش ئېلىپ بارىدىغانلىقىغا ئىشەنچىم كامىل ! ئامېرىكىدا پائالىيەت ئېلىپ بېرىۋاتقان تەشكىلات ۋە شەخسلىرىمىزگە، شۇنداقلا بارلىق ئۇيغۇر قېرىنداشلىرىمىزغا زور مۇۋاپىقىيەتلەر تىلەيمەن!

ھۆرمەت بىلەن: ئەرۋەرجان
« شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ رەئىسى
1999 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 24 ـ كۈنى ( گېرمانىيە ـ ميونخېن )

# « شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ رەئىسى ئەنۋەرجاننىڭ قازاقىستانغا يوللىغان مەكتۇبى

يېقىندا قازاقىستاندا ۋەتەن داۋاسىنى قىلىپ كېلىۋاتقان بارلىق ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ بىرئارىغا كېلىپ، قازاقىستاندىكى ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ ئالىي ئورگىنى ــ « ئۇيغۇنلاشتۇرۇش كېڭىشى » نى قۇرۇپ چىقىشقا ھازىرلىنىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تېپىپ ئىنتايىن خۇرسەن بولدۇق، چۈنكى، ئانا ۋەتىنىمىز بىلەن بىۋاستە چېگرىداش ھەم ستراتېگىيىلىك ئورنى ئىنتايىن موھىم بولغان قازاقىستاندەك بىر دۆلەتتە پۈتۈن ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىغا ۋەكىللىك قىلالايدىغان بىرنداق بىر ئالىي ئورگاننىڭ ۋۇجۇتقا چىقىشى ـ ئەلۋەتتىكى قازاقىستاندا يىللاردىن بېرى پائالىيەت قىلىپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ بىرلىك ـ باراۋەرلىك ۋە ھەمكارلىق يولىدا تاشلىغان ئىنتايىن موھىم ئىجابى قەدىمى بولۇپ ھىساپلىنىدۇ!

خۇددى سىزلەرگە مەلۇم بولغىنىدەك، 1999 ـ يىلى 12 ــ 16 ـ ئۆكتەبىر كۈنلىرى گېرمانىيەنىڭ ميونخېن شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن 2 ـ قېتىملىق شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللى قۇرۇلتىينىڭ موھىم قارارلىرىنىڭ بىرىمۇ، ۋەتەن سىرتىدا پائالىيەت قىلىۋاتقان بارلىق ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنى ۋە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



شەخسلىرىمىزنى بىرلىك ـ باراۋەرلىك ۋە ئورتـاق غايە ئاستىدا قۇرۇلتاي سېپىمىزگە جەلىپ قىلىشنى تىرىشىپ قولغا كەلتۈرۈش ئىدى. شـۇڭا، قازاقىسـتاندىكى بـارلىق ئۇيغـۇر تەشـكىلاتلىرىغا ھەقىقى تۈردە ۋە كىلىلىك قىلالايدىغان « ماسلاشتۇرۇش كېڭىشـى » نىڭ بارلىققا كېلىشـى، مىللـى قۇرۇلتىيمىزنىـڭ قـارارلىرىنىڭ تىزىرەك ئەمەلگە ئېشىشى ئۈچۈن ئىنجـابى ھـەم تۈرتكىلىك رول ئوينىغۇسى!

قازاقىستاندىكى پېشقەدەم مىللى رەھبـەرلىرىمىزنىڭ بىرلىـك ۋە باراۋەرلىك ئىچىدە ئومومى بىر كۈچ بولۇپ خەلقىمىزا سىياسـى سـەھنىلەرگە يـۈرۈش قىلىشـنىڭ نەقـەدەر زۆرۈر ئىكـەنلىكنى ھـەقىقى يوسـۇندا تونـۇپ يېتىـپ ئورتـاق ھەرىكـەت قىلىدىغانلىقىغـا، مـەۋجۇت تەشـكىلاتلار ئارىسـىدا بـۆلۈنۈش ۋە پارچىلىنىشقا يول قويمايدىغانلىقىغا، شۇنداقلا تۈرلۈك سـەۋەپلەر بىلەن يەككە ھالدا پائالىيـەت قىلىـپ كېلىۋاتقـان تەشـكىلات ۋە شەخسلىرىمىزنى مىللـى قۇرۇلتىيمىزنىـڭ سـېپىگە قوشۇلۇشـقا تەشۋىق قىلىدىغانلىقىغا ئىشەنچىمىز كامىل!

ئاخىرىدا، ۋەتەن ـ مىللەت يولىدا ھارمـاي ـ تالمـاي كـۈرەش قىلىۋاتقـان قازاقىسـتاندىكى بـارلىق ئۇيغـۇر تەشـكىلاتلىرىغا ۋە شەخسلىرىمىزگە زور مۇۋاپىقىيەتلەر تىلەيمەن!

چەكسىز ھۆرمەت ۋە ئالى ئېھتىرام بىلەن : ئەنۋەرجان

« شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللى قۇرۇلتيـى » نىـڭ رەئىسى

1999 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى ( گىرمانىيە ـ ميونخىن )

# « دۇنيا خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتى »نىڭ مەسئۇلى «شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتى » نىڭ مەركىزى ئورگىنىغا مەكتۇپ يوللاپ، ئۆزئارا ھەمكارلىقنى يەنىمۇ كۈچەيتىشنى ئوتتۇرىغا قويدى

يېقىندا مەركىزى گېرمانىيەنىڭ گۆتىنگەن شەھرىدىكى « دۇنيا خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتى » نىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئاندىرياس سېلمېچى ئەپەندى « شەرقىي تۈركىستان مىللى قۇرۇلتىيى » نىڭ باش كاتىۋى ئەسقەرجانغا ئالاھىدە مەكتۇپ يوللاپ، بۇنىڭدىن كېيىن ئىككى تەشكىلات ئوتتۇرىسىدىكى ھەمكارلىق مۇناسىۋىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، شەرقىي تۈركىستان مەسىلىسىنى يېقىن كىلەچەكتە خەلقئارا سىياسىي سەھنىلەردە بەلگىلىك تەسىرچانلىققا ئىگە قىلىش كېرەكلىكىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئاندىرياس سېلمېچى ئەپەندى خېتىنىڭ بېشىدا، ئۆزىنىڭ بۇيىل 10 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنىدىن 16 ـ كۈنىگىچە ميونخېن شەھرىدە چاقىرىلغان « شەرقىي تۈركىستان مىللى قۇرۇلتىيى » غا قاتنىشىش ئارقىلىق،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



كۆپلىگەن ئۇيغۇر تەشكىلاتلىرىنىڭ رەھبەرلىرى بىلەن بىۋاستە كۆرۈشۈش ۋە پىكىرلىشىش پۇرسىتىگە ئىگە ئېرىشكەنلىكىنى ھەمدە بۇنىڭدىن ئىنتايىن مەمنۇن بولغانلىقىنى بايان قىلىپ ئۆتكەندىن كېيىن، قۇرۇلتاي ئورگىنىغا قارىتا تۆۋەندىكى پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويدى:

« بىزنىڭ ئەڭ ئاجىز ھالقىمىز شۇكى، ئۆۋەتتە بىزدە شەرقىي تۈركىستاندا ئىنسان ھەقلىرىنىڭ ئېغىر دەرىجىدە دەپسەندە قىلىنىۋاتقانلىقىغا ئائىت دەلىل ـ ئىسپاتلىق ماتېرىياللار تولىمۇ يېتەرسىز بولماقتا، شۇڭا مىللىي قۇرۇلتاي بۇ مەسىلىنى جىددىي تۈردە ھەل قىلىپ، بىزنىڭ بۇجەھەتتىكى بوشلۇقىمىزنى تولدۇرۇۋېلىشىمىزغا ماسلىشىپ بېرىشى كېرەك؛ بولۇپمۇ ئوتتۇرا ئاسىيادا ياشاۋاتقان ئۇيغۇرلارغا بۇ مەسىلىنى ئالاھىدە تەكىتلەڭلار. پاكىتلىق ۋە دەلىل ـ ئىسپاتلىق ماتېرىياللارنىڭ قولىمىزدا بولۇشى ـ دۇنيا جامائەتچىلىكىنى ئۆزىمىزگە جەلىپ قىلىشتا ۋە خەلقئارالىق سىياسىي سەھنىلەردىكى مۇناسىۋەتلەرنى كۈچەيتىشىمىزدە پەۋقۇلاددە موھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ».

ئاندرىياس سېلمېچى ئەپەندى مەكتۇبىنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دەپ بايان قىلغان:

« بىز سىلەرنىڭ تىبەت ۋە موڭغوللار بىلەن ئېلىپ بېرىۋاتقان ھەمكارلىق مۇناسىۋەتلىرىڭلارنى قوللاپ ـ قۇۋۋەتلەيمىز، شۇنداقلا بۇقېتىم قۇرۇلغان مىللىي قۇرۇلتىيىڭلارنى يەنە قايتا تەبرىكلەيدىغانلىقىمىزنى ۋە قوللايدىغانلىقىمىزنى بىلدۈرمەكچىمىز. ئاخىرىدا سىلەرنىڭ مىللىي ھەرىكىتىڭلارغا تولۇق مۇۋاپىقىيەت تىلەيمىز ».



كوممۇنىست خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستانىنى ئىشغال قىلغانلىقىنىڭ 50 - يىللىقى مۇناسىۋىتى بىلەن گېرمانىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارالىق ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنىدىن بىر كۆرۈنۈش

« شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى » نەشر قىلدى




« خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتى » نىڭ مۇئاۋىن رەئىسى دوكتور ئاندرىياس
سىلمەنچى نەپەندى مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆز قىلماقتا .




كومۇنىست خىتاينىڭ شەرقىي تۈركىستاننى ئىشغال قىلغانلىقىنىڭ 50 - يىللىقى
مۇناسىۋىتى بىلەن گېرمانىيەدە ئۆتكۈزۈلگەن خەلقئارا ئىلمىي مۇھاكىمە يىغىنى
رىياسەتچىلىرى ( ئوڭدىكى كىشى « خەتەر ئاستىدىكى مىللەتلەرنى قوغداش تەشكىلاتى »
ئاسىيا بۆلۈمىنىڭ باشلىقى ئۇلرىخ دېلىيۇس ئەپەندى . سولدىكى كىشى « شەرقىي
تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ باش كاتىۋى ئەسقەرجان) .




ئۇيغۇر خەلقىنىڭ ئاتاقلىق مۇتەپەككۇر ئالىمى ۋە تارىخچىسى
ھاجى ياقۇپ مۇھاكىمە يىغىنىدا نۇتۇق سۆزلىمەكتە




قازاقىستان ۋەكىللىرىدىن قەھرىمان غوجامبەردى يىغىندا سۆزقىلماقتا

« شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نەشر قىلدى




كۆلن ئۇنىۋېرسىتېتىدىن تۈركشۇناس پروفېسسور دوكتور
مىرزا باي هايىت ئەپەندى يىغىندا نۇتۇق سۆزلىمەكتە




« خەلقئارا كەچۈرۈم تەشكىلاتى » بېرلىن شۆبىسىنىڭ رەئىسى
دىرك پىلايتېر ئەپەندى مۇهاكىمە يىغىنىدا سۆز قىلماقتا

« شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نەشىر قىلدى




دالايلامانىڭ مەسلىھەتچىسى ۋە تىبەت ھۆكۈمىتى ياۋروپا بۆلۈمىنىڭ
بۇرۇنقى باشلىقى گىيالتسېن گىيالتاك ئەپەندى نۇتۇق سۆزلىمەكتە




دۇيىسبورگ ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى توماس ھېبىرېر نىڭ
ۋەكىلى مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆز قىلماقتا

« شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نەشر قىلدى




پىراپېسور ئابدۇلقادىر دونۇق مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆز قىلماقتا .




تۈركىيە پارلامېنتىنىڭ سابىق ئەزاسى پىراپېسسۇر مۇستاپا ئۇزداغ
مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆزقىلماقتا

« شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نەشىر قىلدى





خەلقئارا
مۇھاكىمە
يىغىنىدا
بولۇۋاتقان
بەس -
مۇنازىلەر-
دىن كۆ-
رۈنۈشلەر



ئۇيغۇرشۇناس تارىخچى پىروپېسور مەھمەت سارايلى
مۇھاكىمە يىغىنىدا سۆز قىلماقتا



ۋەتەنپەرۋەر رەسسام مەرۋايىت ھاپىز ( سولدىن بىرىنچى) يىغىنغا
قاتنىشىۋاتقان بىر قىسىم ۋەكىللەر بىلەن بىرگە



قۇرۇلتاي دۆلەت مارشىمىزنىڭ جاراڭلىق ئوقۇلۇشى بىلەن باشلاندى. بارلىق قۇرۇلتاي قاتناشچىلىرى ھۆرمەتتە تۇرماقتا



مۇھاكىمە يىغىنىدىن بىر كۆرۈنۈش

(سولدىن بىرىنچى ۋە ئارقا رەتتىكىلەر دېموكراتىك خىتايلارنىڭ ۋەكىلى)




ئەنۋەرجان قۇرۇلتايدا نۇتۇق سۆزلىمەكتە




پروپېسسور دوكتور مىرزا باي ھايىت قۇرۇلتايدا نۇتۇق سۆزلىمەكتە




« 2 ـ نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى » يىغىن رىياسەتچىلىرى (ئوڭدىكى كىشى « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى » ئىجرائىيە كومىتېتى رەئىسى دولقۇن ئەيسا. سولدىكى كىشى« شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى » نىڭ باش كاتىپى ئەسقەرجان.) ۋە

« تۈرك ئىسلام بىرلىكى » تەشكىلاتىنىڭ باشلىقى مۇسا سەردار چەلەبى قۇرۇلتايدا سۆز قىلماقتا



قۇرۇلتاي تەييارلىق كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئەسقەرجان قازاقىستاندىكى « ئۇيغۇر ياشلىر ئىتتىپاقى » نىڭ
رەئىسى ئابدىرىشىت (ئارقارەت ئوڭدىكى بىرىنچى كىشى) ۋە « دۇنيا ئۇيغۇر ياشلىرى قۇرۇلتىيى »
مۇئاۋىن رەئىسى كۆرەش كۆسەنلەر (ئالدىنقى رەت ئوڭدىن بىرىنچى كىشى) بىلەن بىرگە

« شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى » نەشر قىلدى



مەھمەت رىزا بېكىن قۇرۇلتاي ئېچىلىش نۇتقىنى سۆزلىمەكتە




غۇلامىدىن ئەخمەت پاختا قۇرۇلتايدا نۇتۇق سۆزلىمەكتە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com






سۇسەيىن قارى ئىسلامى قۇرۇلتايدا نۇتۇق سۆزلىمەكتە




دىلبىرىم ساماقوۋا قۇرۇلتايدا نۇتۇق سۆزلىمەكتە

« شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى » نەشر قىلدى



قۇرۇلتاي
تەييارلىق
كومىتېتىنىڭ
رەئىسى
ئەسقەرجان
ئوتتۇرا ئاسىيا
زىيارىتىدە
قازاقىستاندى ـ
كى بىر قىسىم
رەھبەرلەر
بىلەن بىرگە




« 2 ـ نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستان ( ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى » ئېچىلغان، ميۇنخىن شەھىرىنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان « ئاستىرون ھوتەل » بىناسىغا ئېسىلغان ئۇلۇق ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) نىڭ ئاي يۇلتۇزلۇق كۆك بايرىقى (بايراقنىڭ چوڭلۇقى كەڭلىكى 4 مېتىر، ئۇزۇنلۇقى 6 مېتىر)

« شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان ) مىللىي قۇرۇلتىيى » نەشىر قىلدى



« 2 - نۆۋەتلىك شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى » ئېچىلىۋاتقان يىغىن زالىدىن كۆرۈنۈشلەر

« شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى » نەشر قىلدى

« 2 - ئۇۋەللىك شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى »



قۇرۇلتاي تەييارلىق كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئەسقەرجان ئوتتۇرا ئاسىيا زىيارىتىدە قازاقىستان - دىكى بىر قىسىم جامائەت ئاقساقاللىرى بىلەن بىرئارىدا

« شەرقىي تۈركىستان (ئۇيغۇرىستان) مىللىي قۇرۇلتىيى » نەشر قىلدى



قۇرۇلتاي ئېچىلغان مەزگىلدە بارلىق ۋەكىللەرنىڭ قاتنىشىشى بىلەن خىتايغا قارشى
ئۆتكۈزۈلگەن نامايىشتىن كۆرۈنۈش



قۇرۇلتاي تەييارلىق كومىتېتىنىڭ رەئىسى ئەسقەرجان ئوتتۇرا ئاسىيا زىيارىتىدە قىرغىزىستاندىكى
بىر قىسىم رەھبەرلەر بىلەن بىرگە




قۇرۇلتاي ئېچىلىۋاتقان مەزگىلدە پارلىق ۋە كىشىلەرنىڭ قاتنىشىشى بىلەن خىتايغا قارشى ئۆتكۈزۈلگەن نامايىشتىن كۆرۈنۈش

www.uyghurkitap.com



# شەرقىي تۈركستان جۇمهۇرىيتىنىڭ مىللى مارشى

قۇرتۇلۇش يولىدا سۇدەك ئاقتى بىزنىڭ قانىمىز،
سەن ئۈچۈن ئەي يۇرتىمىز بولسۇن پىدا بۇ جانىمىز.

قان كېچىپ هەم جان بېرىپ ئاخىر قۇتۇلدۇردۇق سېنى
قۇتۇلۇشقا قەلبىمىزدە بارىدى ئىمانىمىز.

يۇرتىمىز - بىز يۇز - كۆزۈڭنى قان بىلەن پاكىزلىدۇق،
ئۆرلىگەن يالقۇن بىلەن پاكلاندى بىزنىڭ نامىمىز.

يارۇ - هەمدەم بولدى بىزنىڭ ھىممىتىمىز سەن ئۈچۈن،
شانۇ - شۆهرەتلىك ئىدى ھىممەت بىلەن نەجدادىمىز.

ئاتىلارنىڭ جەڭلىرى ئۆچمەيدۇ تارىخ بېتىدىن،
نەسلى قالدى جەڭگۋار بىزنۇنىڭ ئەۋلادى بىز.

چىقتى جان هەم ئاقتى قان، بولدى ياۋدىن ئەل ئامان
ياشىسۇن! مىلك ياشىسۇن! گۈزەل ئىستىقبالىمىز.

4